# قۇتلۇق ئىزلار

«قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر
بۆلۈمى نەشر قىلدى

# قۇتلۇق ئىزلار

ئۇيغۇرچە «قەشقەر گېزىتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ
45 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن
«قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر
بۆلۈمى نەشر قىلدى
1995- يىل 5- ئاي

3004 / 21

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: نىياز جالالىدىن
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
تاھىر تالىپ
تۇرغۇنجان مۇسا
مەمتىمىن ئوبۇل

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: نىياز جالالىدىن،
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

سۈرەتنى مەمتىمىن زىيىىبۇللا تارتقان
مۇقاۋا ۋە تىتۇللارنى جۇمە ئابدۇللا ئىشلىگەن.

# كىرىش سۆز

يىللار يورغىلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋەردى، ئاشۇ كۈنلەر ئاجايىپ خاسىيەتلىك چۈشكە، ئەسلەشكە تېگىشلىك خاتىرىگە ئايلىنىپ قالماقتا ئىدى. شۇنداق يىللاردىن يەنە بىر نەچچىسى ئۆتسە، «چۈش» مۇ، «خاتىرە» مۇ ئۇنتۇلۇپ، ئىنتىزار بولۇپمۇ يېتەلمەيدىغان ئارمانغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. ئۆيلىنىپ قارىساق، ساخاۋەتلىك 1995- يىلى دەل «قەشقەر گېزىتى» مىز ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغانلىقىغا 45 يىل بولۇپ قاپتۇ. مۇشۇ غەنىمەت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە «قۇتلۇق ئىزلار» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇپ ئېچكى قىسمدا تارقىتىشنى لايىق تاپتۇق.

بۇ كىتابتا گېزىتىمىزنىڭ 45 يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالى، بۇ جەرياندىكى ئۆزگىرىش، تەرەققىياتلار قىسقىچە بايان قىلىنىپ، ئىشلىگەن خادىملار خاتىرە سەھىپىسىگە تىزىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ يەنىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىش كۆڭۈلگە پۈكۈلدى، يەنە بىر جەھەتتىن،

گېزىتىمىزدە ئىشلىگەنلەردىن ۋاپات بولۇپ كەتكەنلەرنى ئەسلەپ، يۈتكىلىپ كەتكەن، دەم ئېلىشقا چىققانلارنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەپ، ھېلىمۇ كۈچ ئۇلاپ ئىشلەۋاتقان ئەزىمەتلەرگە ئىلھام بېرىش ۋە بەخت-سائادەت تىلەش مەقسەت قىلىندى. بۇ كىتاب ئەينەك سۈپىتىدە كىچىككىنە تارىخ سەھىپىسى ئورنىدا كېيىنكى ئەۋلادلار قولىدا ساقلىنىپ قالالىسا، بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنىڭ چېچەك ئاچقىنى شۇ.

كىتابنى تۈزۈشتىن بۇرۇن پېشقەدەم شاھىتلار بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، تارىخ ماتېرىياللار سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلدى. شۇنداقتىمۇ سەۋىيىمىز چەكلىك، ۋاقىت نىسبەتەن قىسقا بولغاچقا ئالدىراشچىلىقتا كىتاب تازا مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمىگەن بولۇشى، تارىخ ئەينەن ئىنكاس قىلىنمىغان بولۇشى، ئىشلىگەن بەزى يولداشلارنىڭ ئىسمى چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا خەۋەر يەتكۈزگەن بولساقمۇ ۋاقىت، ئالاقىلىشىش جەھەتتىكى چەكلىك تۈپەيلىدىن بەزىلەرنىڭ ماتېرىيالى يېتىپ كېلەلمىدى، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىد بېرىشىنى، ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# قەدىمكى دىياردىكى

# مەرىپەت مەشئىلى - «قەشقەر گېزىتى»

# قەدىمىي دىياردىكى مەرىپەت مەشئىلى ـ «قەشقەر گېزىتى»

«قەشقەر گېزىتى» ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى مىللىي يېزىقتا چىقىدىغان يەرلىك گېزىتلەر ئىچىدە تارىخى ئۇزۇن، تەسىرى كۆچلۈك، سۈپىتى ياخشى، تەھرىرلىك ۋە باسما تېخنىكىسى بىر قەدەر يۇقىرى گېزىت. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىسىنى قوشقاندا گېزىتنىڭ نەشىر قىلىنغىنىغا 60 يىلدىن ئاشتى. ھازىرقى «قەشقەر گېزىتى» نىڭ ئاساسى شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئاتاقلىق شائىر، تەرەققىيپەرۋەر نەشرىياتچى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تەرىپىدىن 1933- يىلى 7- ئايدا نەشىر قىلىنغان «ئەركىن ھايات گېزىتى» ئىدى. بۇ گېزىت گەرچە تارقىلىش دائىرىسى تار، سۈپىتى ناچار بولسىمۇ، ئەينى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، قاراڭغۇ زۇلمەتكە قارشى تۇرۇشقا، ئىلىم- مەرىپەت ئىگىلەشكە چاقىرغانىدى. بۇ گېزىت كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن توختاپ قېلىپ، 1934- يىلى 23- ئاۋغۇستتىن باشلاپ قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ باش تەھرىرلىكىدە «يېڭى ھايات گېزىتى» نامى بىلەن قايتا چىقىرىلغان. بۇ گېزىت دەسلەپتە قەشقەردىكى شىۋىت مەتبەئەسىدە باستۇرۇلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي گېزىتخانا مەخسۇس باسما ماشىنا- ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىپ، خادىملارنى سەپلەپ گېزىت بېسىش مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلغان. گېزىتنىڭ تارقىلىش ئوبيېكتى ئاساسەن ئەمەلدارلار، بايلار، بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر سودىگەرلەر، ئىلىم- مەرىپەت، مائارىپ خادىملىرى، ئاز بىر قىسىم دېھقانلار بولۇپ، خوتەن، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغىچە تارقىتىلغان.

1937- يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، «يېڭى ھايات گېزىتى» نىڭ نامى

«قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قەشقەر شۆبىسى قىلىپ چىقىرىلدى. گېزىتنىڭ باشقۇرۇلىشى بىر قەدەر مۇنتىزىملىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ مۇشىن قاتارلىق كىشىلەر گېزىتخانىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇيغۇرچە گېزىت مىخ مەتبەئەدە، خەنزۇچە گېزىت شىپىگرافتا بېسىپ چىقىرىلدى. بۇ گېزىت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشەببۇسلىرىنى ۋە ماركسىزم- لېنىنىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل ھالەت تاكى 1946- يىلىغىچە داۋاملاشتى. 1946- يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىغاندىن كېيىن، گېزىت نامى «ئاڭ» گېزىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1947- يىلى يەنە «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى. 1950- يىلى 1- ئاينىڭ 14- كۈنى بۇ گېزىت جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، بىر قۇر رەتكە سېلىنغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ «جەنۇبىي تيانشان» گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى ھەپتىدە ئالتە ساندىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى گېزىت قەشقەردە چىقىرىلىشقا باشلىدى. شۇڭلاشقا بىز بۇ كۈننى «قەشقەر گېزىتى» نىڭ تۇنجى سانى نەشر قىلىنغان كۈن دەيمىز. ھازىر بۇنىڭغا توپتوغرا 45 يىل بولدى. گېزىتخانىنىڭ شۇ چاغدىكى ئومۇمىي كۆلىمى 110 كۋادرات مېترلا كېلەتتى. تۆت دانە باسما ماشىنىسى، 20 گە يېقىن ئىشچى- خىزمەتچىلىرى بار ئىدى. گېزىتخانا ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئوردا ئالدىدىكى ئەلچىخانا كوچا ئېغىزى يەنى شۇ چاغدىكى كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ئورنىغا جايلاشقان. (ھازىرقى ھېيتگاھ يېمەكلىكلەر سودا سارىيى بىناسىنىڭ ئورنىدا) 1952- يىلى 9-ئايدا ھېيتگاھتىن نەزەرباغدىكى ئۆمەرباي، مەترېھىم باي، مويدىنجان باي قاتارلىقلارنىڭ باغلىرىغا (بىر باغ تەھرىر بۆلۈم، بىر باغ

مەتبەئە، بىر باغ ياتاق) جايلاشقان؛ (هازىرقى قەشقەر سىفەن شۆيۈەن، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەكتەپ ئورنى) 1953- يىلى 8- ئايلاردا ئاق ئوردا كوچىسىدىكى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سىنىپ - ئىشخانىلىرىغا ئورۇنلاشقان؛ (هازىرقى 1- ماي تىياتىرخانىسى بىلەن شەھەرلىك سودا- سانائەت بانكا ئورنىدا)، 1953- يىل ئاخىرىدا هازىرقى ئورۇنغا كۆچۈپ (باسما زاۋۇتى1955- يىلى كۆچكەن) هازىرقى ئورۇنغا ئورۇنلىشىپ مۇقىملاشقان. «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتى دەسلەپتە جەنۇبىي شىنجاڭ هەربىي ئىدارە قىلىش هەيئىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئۈچ يىل نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، 1953- يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى قىلىپ نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان. شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتىنىڭ خەنزۇچە نەشرى چىقىرىلىشقا باشلىغاندى. تەشۋىقات مەزمۇنى جەھەتتە جۇڭگو- سوۋېت دوستلۇقىغا ئائىت خەۋەرلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتى، ۋىلايىتىمىزدە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالى، ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي قاتارلىق دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى، ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش قاتارلىقلار خەۋەر- ماقالىنىڭ ئاساسلىق سالمىقىنى ئىگىلىگەنىدى. گېزىت يۈزىدە «ئىلھام دېڭىزى» ئەدەبىيات بېتى ۋە «ئۆگىنىش»، «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش فرونتىدا»، «ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا پۇختا تەييارلىق قىلايلى»، «نەزەرىيە ئۆگەنگۈچىلەرگە ياردەم»، «تىببىي مەسلىھەت» قاتارلىق مەخسۇس بەت، ستونلار تەسىس قىلىنغانىدى. 1956- يىلى 6- ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ گېزىت قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئورگان گېزىتى قىلىنىپ 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسى بىرلا ۋاقىتتا «قەشقەر گېزىتى» نامى بىلەن ھەپتىدە ئۈچ ساندىن نەشىر قىلىنىشقا باشلىدى.

تەشۋىقات مەزمۇنى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەر ۋە ھەر قايسى سەپلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ جەرياندا يەنە «مىللىي دوستلۇق گۈللىرى» ، «بۈگۈنكى قەشقەردە» ، «پارتىيە تۇرمۇشى» ، «ئارمىيە-خەلق بىر ئائىلە» ، «ئەينەك» ، «پەننى ساۋات» قاتارلىق بەت، ستونلار يېڭىدىن ئېچىلدى.

«قەشقەر گېزىتى» 1958- يىلى 6- ئايدىن باشلاپ ھەپتىدە ئالتە سان چىقىرىلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، 1961- يىلى 10- ئايغا كەلگەندە يەنە ھەپتىدە ئۈچ سان چىقىرىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1975- يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرچە گېزىت ھەپتىدە تۆت سان چىقىرىلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، 1977- يىلى 9- ئايدىن باشلاپ يەنە ھەپتىدە ئۈچ سان چىقىرىلىشقا باشلىغان، بۇ ھالەت 1986- يىلى 1- ئايغىچە داۋاملىشىپ 1986- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن ھازىرغىچە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى «قەشقەر گېزىتى» ھەپتىدە ئالتە سان نەشر قىلىنماقتا. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئېلىپ كەلگەن بالايى-ئاپەت ۋە قالايمىقانچىلىقلىرى پۈتۈن ئاخبارات سېپىگە ئوخشاشلا «قەشقەر گېزىتى» گىمۇ ھەر جەھەتتىن ئېغىر زىيان ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنى ئارقىلىق ئومۇمىي ۋەزىيەت ئوڭشىلىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زەھىرى تازىلىنىپ پۈتۈن مەملىكەتتە گۈللەپ ياشناش، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش گۈزەل مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بۇ ھال «قەشقەر گېزىتى» گىمۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. «قەشقەر گېزىتى» نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇرچىسى ئىككى كەسلەم، تۆت بەت، خەنزۇچىسى تۆت كەسلەم، تۆت بەت بويىچە چىقىرىلماقتا. 1950-يىلى گېزىت نەشر قىلىنغاندا، ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ تىراژى 1042 نۇسخا، 1953-يىلى خەنزۇچە گېزىتنىڭ تىراژى 1673 بولغان بولسا، 1984-يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ تىراژى 29 مىڭ 600، خەنزۇچە گېزىتنىڭ تىراژى 11مىڭ 900گە يەتتى. ھازىر ئۇيغۇرچە

گېزىت 22مىڭ تىراژدا، خەنزۇچە گېزىت 10مىڭ تىراژدا نەشىر قىلىنىۋاتىدۇ، تارقىلىش دائىرىسى ئاساسەن ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ناھىيە - شەھەرلىرى بولۇپ، ئاز بىر قىسمى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ تارقىلىدۇ.

ئۇيغۇرچە «قەشقەر گېزىتى» 45 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تارىخ بېتىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. بىر نەچچە ئەۋلاد تەھرىر - مۇخبىرلار ۋە مەتبەئە ئىشچىلىرىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئىزدىنىشى، جاپالىق ئىشلىشى نەتىجىسىدە، تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، مەزمۇن جەھەتتە بېيىپ تەھرىرلىك ۋە باسما سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، مەزمۇنى كەڭ، سەھىپىسى رەڭدار، مۇشتىرىلار سۆيۈنۈپ ئوقۇيدىغان رەھبەرلىك ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن گېزىتكە ئايلاندى. بىز بۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانغا نەزەر سالىدىغان بولساق گېزىتخانىنىڭ مەرىپەت بۆلىقى بولۇپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇنلىغان ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئانا مەكتەپ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ ئورۇن ئۆزىنىڭ شانلىق مۇساپىسى جەريانىدا ئۆز قوينىدا ئەھمەد زىيائى، ئەيسا شاكىر قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئالىم، سىياسىئون، ئاخباراتچى، تالانتلىق شائىر-يازغۇچىلارنى تاۋلاپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنى ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئىقتىدارلىق تۆھپىكار ۋە باشقۇرغۇچىلارغا ئايلاندۇردى.

1980-يىللاردىن كېيىن، گېزىتىمىز ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، نەزەرىيە ۋە كەسپىي بىلىمى مول بولغان ئىقتىدارلىق تەھرىر-مۇخبىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. يىللاردىن بۇيان، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ تەھرىر-مۇخبىرلاردىن ئاددەمنى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەش بىلەن بىر چاغدا، ئىدارىدا كۇرس ئېچىپ تەربىيىلەش، پىشقەدەم تەھرىر-مۇخبىرلارنى دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش، ئەمەلىي مەشق جەريانىدا تەربىيىلەش، ھەر خىل كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش

قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن نەزەرىيىۋى بىلىمى، ئاساسىي پەنلەر بويىچە تەربىيىلىنىشى بىر قەدەر سىستېمىلىق بولغان، كەسپىي ئىقتىدارى يۇقىرى تەھرىر-مۇخبىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلدۇق. ھازىر ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ۋە مۇخبىرلار بۆلۈمىدە 43 ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 30 نەپەردىن كۆپرەكى ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. تۆت ئادەمنىڭ ئالىي دەرىجىلىك، 19 ئادەمنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك، 15 ئادەمنىڭ ياردەمچى تەھرىرلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار. ھازىر ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى قارىمىقىدا سىياسىي، مائارىپ، مەدەنىيەت خەۋەرلىرى گۇرۇپپىسى؛ يېزا ئىگىلىك، سانائەت، ئىقتىسادىي خەۋەرلەر گۇرۇپپىسى؛ مەخسۇس بەتلەر گۇرۇپپىسى؛ تەرجىمە خەۋەرلىرى گۇرۇپپىسى؛ مۇخبىرلار بىلەن ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسى؛ كوررېكتورلار گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئالتە كەسپىي گۇرۇپپا بار بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا خادىملىرى گېزىتنىڭ تۈرلۈك كەسپىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئىدارىمىزدىن باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىلىپ كەتكەن نەچچە ئونلىغان زىيالىيلارمۇ ھەر قايسى سەپلەردە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ ۋە تايانچ كۈچ بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى كەسپىي قوشۇن قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە، مۇشتىرىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، تەشۋىقات ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن گېزىتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىدا زور كۈچ بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئىچكى قىسمىدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەت، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. بەت يۈزىدە ئۈزلۈكسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، خەۋەر-ماقالىلەرنىڭ ئىخچام، چۈشىنىشلىك، سەھىپىلەرنىڭ رەڭدار، بەت شەكلىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «قەشقەر گۈلزارى»، «ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات»، «پەن ۋە تۇرمۇش»، «گۈزەل دىيارىمىزدا»، «نەزەر»، «گېزىت-ژۇرناللاردىن

تەرمىلەر» ، «گۈلزارغا نەزەر» ، «مەدەنىي ھايات» ، «مەرىپەت چىراغلىرى» ، «قانۇن مۇنبىرى» ، «ھۈنەر ۋە تېخنىكا» ، «ئىقتىساد مۇنبىرى» ، «مۇشتىرىلار ساداسى» قاتارلىق ئون نەچچە مەخسۇس بەت ۋە 100 دىن ئارتۇق مەخسۇس ستون تەسىس قىلىنىپ، گېزىتنىڭ جامائەت پىكرى ھازىرلاش، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، بىلىم بېرىش، تەربىيىلەش خاراكتېرى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى.

گېزىتىمىز گېزىتنىڭ مەخسۇس بەت ۋە ستونلىرىنى يەنىمۇ كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە 1993-يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى گېزىتىمىزنىڭ مەخسۇس ئەدەبىيات بېتى- «قەشقەر گۈلزارى» نىڭ 1000 سان چىقىرىلغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ مۇشتىرىلار بولۇپمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرىغا ئىلھام بەردى ۋە ئۇلارنى «قەشقەر گۈلزارى» نى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

يىللاردىن بۇيان، ئاخبارات سېپىدىكى ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ھەر خىل ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىر ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق گېزىتىمىزنىڭ تەشۋىقات ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بەت يۈزىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تېخنىكا سۈپىتى ياخشىلانغانلىقى ئۈچۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گېزىتلىرىنىڭ تەھرىرلىك ۋە بەت ئورۇنلاشتۇرۇش سۈپىتىنى باھالاش پائالىيىتىدە ئۇيغۇرچە «قەشقەر گېزىتى» مىز 1985-يىلدىن 1992-يىلغىچە ئۇدا يەتتە قېتىم بىرىنچى بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ خىل باھالاش پائالىيىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا ئۆزگەرتىلدى.

ئىدارىمىز باسما زاۋۇتى ئىزچىل تۈردە گېزىت چىقىرىشنى جىددىي ۋە ئاساسلىق ۋەزىپە دەپ تونۇپ گېزىتنىڭ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك چىقىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. راسخوت مەسىلىسى قىيىن بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ماشىنا- ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاپ، يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈپ مەتبەئە تېخنىكىسى جەھەتتە گېزىت سۈپىتىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىغا ياخشى ئاساس ياراتتى. يىللاردىن بۇيانقى ئاپتونوم رايون بويىچە باسما سۈپىتىنى باھالاش پائالىيىتىدە ياخشى باھاغا ئىگە بولۇپ كەلدى،

ئىدارە پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە، مەمۇرىي مەھكىمە مەخسۇس ئاجرىتىپ بەرگەن 2 مىليون يۈەن مەبلەغ بىلەن گېزىتنى ھازىرقى زامان ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە مەتبەئە ئۈسكۈنىسى لازىر نۇرلۇق تىزىش، بېسىش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ يېڭىچە قىياپەت بىلەن گېزىت چىقىرىش باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق. بىر قاتار تەييارلىق خىزمىتى ۋە سىناق تەرىقىسىدە گېزىت بېسىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە گېزىتنى لازىر نۇرلۇق ئۈسكۈنىلەر بىلەن تىزىش، بېسىشنى رەسمىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، گېزىتخانىمىزدا قوغۇشۇن بىلەن ھەرپ تىزىپ، گېزىت چىقىرىش تارىخىغا خاتىمە بەردۇق. يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە گېزىتنىڭ ماقالە سىغىمچانلىقى كۆپەيدى، باسما سۈپىتى، بەت يۈزىنىڭ كۆركەملىشىشى ئالاھىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىش سىجىللىقى يېتىلدى. گېزىتنى ياخشى چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى ئىقتىسادىي راسخوت يېتەرلىك بولمىغان، تۇرالغۇ ۋە خىزمەت شارائىتى نىسبەتەن ناچار بولغان ئەھۋالدا يەنە ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى خاتىرجەم ھالدا خىزمەت قىلىش، پارتىيىنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىنى ۋە تۇرلۇك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «قەشقەر گېزىتى» 45 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئۆز ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاساسى بىر قەدەر كۈچلۈك گېزىتخانىلارنىڭ بىرىگە، ئەسلىھەلىرى تولۇق، يۈرۈشلەشكەن ئاخبارات ئورنىغا ئايلاندى. گېزىت دەسلەپ، نەشىر قىلىنغاندا ئىدارە بويىچە ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى 20 ئەتراپىدا بولغان بولسا، ھازىر كۆپىيىپ 326گە يەتتى. ئۇيغۇرچە گېزىت 40 تىن ئارتۇق كەسپىي تەھرىر، مۇخبىر ۋە 1000 نەپەردىن ئارتۇق ئىختىيارىي مۇخبىرلار زور قوشۇنى بار گېزىتكە ئايلاندى. بۇ مۇخبىر، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ھەر

يىلى گېزىتىمىزنى 15 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر، ماقالە ۋە ئەدەبىي ئەسەر بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە.

بىز يۇقىرىقى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەسلىگىنىمىزدە، تولۇپ- تاشقان پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ۋە غەيرەت- شىجائەتكە تولىمىز. شۇنداقلا بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكى، كەڭ كادىرلار، ئامىنىڭ بولۇپمۇ كەڭ مۇشتىرىلارنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى بىلەن قولغا كەلگەنلىكىنى ئەستىن چىقارمايمىز. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، دەۋرنىڭ، ئىسلاھات روھىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە قويغان تەلىپىدىن، پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىدىن كۈتكەن ئۈمىدىدىن قارىغاندا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىزدە پەرقلەر خېلى زور. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىششى، بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ گېزىتىمۇ بازار ئىگىلىكىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، بازار ئىگىلىكى بىر خىل رىقابەت خاراكتېرلىك ئىگىلىك بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئەلالىرىنى تاللىۋېلىپ، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىدۇ. ئىگىلىكنىڭ مۇقىم ۋە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ مەنىۋى ئىستېمال سەۋىيىسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆسۈپ بارماقتا بۇنداق يېڭى ئەھۋالدا مۇشتىرىلار گېزىت- ژۇرناللارغا تاللاپ مۇشتىرى بولىدۇ، خەۋەر- ماقالىلەرنى، ھەتتا بەت- ستونلارنى تاللاپ ئوقۇيدۇ، ئەسەرلەر ئىچىدىكى پىكىر- كۆز قاراشلارنى تاللاپ قوبۇل قىلىدۇ. دېمەك، بىز «تاللاش» قا دۇچ كەلدۇق. تاللىنىش- تاللىنالماسلىق بىزنىڭ پارتىيىنىڭ ئاخبارات يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرغان ھالدا دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، گېزىتنىڭ سۈپىتىنى تېزدىن ئۆستۈرۈشىمىزگە باغلىق. لېكىن، بىز شۇنى ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىزكى، بىز تاللىنالايمىز! چۈنكى، پارتىيە، ھۆكۈمەت بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئىدىيە- تەشۋىقات خىزمىتىگە بۇرۇنقىدىنمۇ بەك كۆڭۈل بۆلمەكتە. ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە گېزىتىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ئىزچىل ھالدا غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ

ئۇستىگە، بىزنىڭ قوشۇنىمىز خىل، ئۇسكۇنىلىرىنىمىز بىر قەدەر تولۇق، ئىشەنچىمىز كۈچلۈك، قەدىمىمىز تەكشى. بىز چوقۇم ئىسلاھات دېڭىزىدا داۋاملىق باتۇرلۇق بىلەن غۇلاچ تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز: بىز گېزىتىمىز نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ نەتىجىلىرىمىزنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى دادىللىق بىلەن تۈزىتىپ ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى «قەشقەر گېزىتى»نى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىپ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىشەنچىسىگە جاۋاب قايتۇرىمىز.

# ئورۇن رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

| ئىسمى ئاتىسى | ۋەزىپىسى | مەمۇرىي دەرىجىگە توغرا كېلىشى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ئابدۇكېرىم سادىتوف | باش مۇھەررىر (قوشۇمچە) | ناھىيە دەرىجىلىك | 1950.1 - 1954.9 |
| شۇ دېلياڭ | مۇئاۋىن باش مۇھەررىر | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1950.1 - 1956.7 |
| جۇگۇاڭياۋ | مۇئاۋىن باش مۇھەررىر | " " | 1954.10 - 1956.7 |
| بەي يى | باش مۇھەررىر (قوشۇمچە) | ناھىيە دەرىجىلىك | 1956.7 - 1960 |
| ياسىن سىدىق | مۇئاۋىن باش مۇھەررىر | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1956.7 - 1962 |
| شى مىڭ | باش مۇھەررىر (قوشۇمچە) | ناھىيە دەرىجىلىك | 1960 - 1964 |
| ئەيسا شاكىر | مۇئاۋىن باش مۇھەررىر | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1960 - 1974 |
| ئەن ۋېيگاڭ | " " | " " | 1964.6 - 1976.5 |
| ئەن ۋېيگاڭ | باش مۇھەررىر | ناھىيە دەرىجىلىك | 1976.6 - 1990.11 |
| نىياز جالالىدىن | مۇئاۋىن باش مۇھەررىر | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1981.3 - 1992.6 |
| ياڭ زىڭلۇ | " " | " " | 1981.3 - 1988.4 |
| چۈيۈەنلياڭ | " " | " " | 1984.7 - 1986.4 |
| ۋاڭ خېدىڭ | " " | " " | 1987.3 - 1989.11 |
| ۋاڭ خېدىڭ | مۇۋەققەت باش مۇھەررىر | ناھىيە دەرىجىلىك | 1989.11 - 1992.6 |
| ۋاڭ خېدىڭ | باش مۇھەررىر | ناھىيە دەرىجىلىك | 1992.6 - 1995.5 |
| دەي دېفېي | مۇئاۋىن باش مۇھەررىر | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1986.3 - 1991.10 |
| ئابلىز ئۆمەر | مۇئاۋىن باش مۇھەررىر | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1986.3 - 1990.8 |
| پەن مىڭجۇڭ | " " | " " | 1992.6 - 1995.5 |
| ھەسەن سابىت | " " | " " | 1992.6 - 1994.11 |
| چىن يى | پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى | ناھىيە دەرىجىلىك | 1953 - 1956.7 |
| پۇشۇۋۇ | " " | " " | 1956.7 - 1960.8 |
| پۇشۇۋۇ | پارتكوم شۇجىسى | " " | 1960.9 - 1964 |
| ياڭ پۇخۇەي | پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1964-1967 |

# ئورۇن رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

| ئىسمى ئاتىسى | ۋەزىپىسى | مەمۇرىي دەرىجىگە توغرا كېلىشى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| يۇجۇيۇ | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | ناھىيە دەرىجىلىك | 1969.4 |
| سۇ چىڭيەن | 〃 〃 | 〃 〃 | 1969.5 - 1970 |
| مىڭ چىڭ | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1970.10 - 1971 |
| ۋاڭ ۋېنچى | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | ناھىيە دەرىجىلىك | 1970 - 1974.2 |
| ۋاڭ ۋېنچى | پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | 〃 〃 | 1973.7 - 1974.2 |
| ئەيسا شاكىر | پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى<br>ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 〃 〃 | 1974.2 - 1974.10 |
| ئەن ۋېيگاڭ | پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى<br>ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | 〃 〃 | 1974.10 - 1976.6 |
| شاڭ جۇچۇەن | پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1974.10-1981 |
| نىياز جاالىدىن | پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 〃 〃 | 1974.5 - 1976.6 |
| نىياز جاالىدىن | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 〃 〃 | 1974.5 - 1976.6 |
| خې خوڭجاڭ | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1974.10 - 1982 |
| ئەن ۋېيگاڭ | پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى | ناھىيە دەرىجىلىك | 1976.6 - 1990.11 |
| نىياز جاالىدىن | پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1976.6 - 1985.7 |
| ماچىڭجى | 〃 〃 | 〃 〃 | 1981.3 - 1985.7 |
| ماچىڭجى | ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 〃 〃 | 1981.3 - 1991.4 |
| ماچىڭجى | پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى | 〃 〃 | 1985.7 - 1987.10 |
| نىياز جاالىدىن | ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 〃 〃 | 1984.7 - 1992.6 |
| نىياز جاالىدىن | ئىدارە باشلىقى | ناھىيە دەرىجىلىك | 1992.6 - 1995.5 |
| نىياز جاالىدىن | پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1985.7 - 1987.10 |
| نىياز جاالىدىن | پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | 〃 〃 | 1987.10 - 1995.5 |
| ۋاڭ خېدىڭ | پارتكومنىڭ شۇجىسى | ناھىيە دەرىجىلىك | 1987.10 - 1995.5 |
| ۋاڭ خېدىڭ | ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1987.3 - 1989.11 |
| ۋاڭ خېدىڭ | ئىدارىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى | ناھىيە دەرىجىلىك | 1989.11 - 1992.6 |
| پۇيۇڭخۇا | ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | 1992.6 - 1995.5 |



«قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى

# ھازىرقى ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ كوللېكتىپ سۈرىتى




سولدىن ئوڭغا: يۈيۈڭخۇا (مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى)، نىياز جالالىدىن (ئىدارە باشلىقى)، ۋاڭ خىدىڭ (پارتكوم شۇجىسى، باش مۇھەررىر)، يەن مىنجۇڭ (مۇئاۋىن باش مۇھەررىر)، ليۇكېلى (پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى)



ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىكى تەھرىر - مۇخبىر خادىملار

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى



ئوڭدىن سولغا: ئابدۇرۇسول ئۆمەر (ياچېيكا شۇجىسى) ، مەتتمىن ئوبۇل (ياچېيكىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) . توختىھاجى تورسۇن (ياچېيكا ھەيئىتى) . نىياز جالالىدىن (پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى) . ئابلىكىم روزى (ياچېيكا ھەيئىتى) . ئابلىمىت قۇربان (ياچېيكا ھەيئىتى)

ئىدارە، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم مەسئۇللىرى بىلەن كەسپىي گۇرۇپپا باشلىقلىرىنىڭ گېزىتكە ماقالە بېرىش يىغىنى



ئوڭدىن سولغا: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى)، تاھىر تالىپ (تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى)، توختىھاجى تۇرسۇن (مۇخبىرلار بۆلۈمى مۇدىرى)، مەمتىمىن ئوبۇل، نىياز جالالىدىن (ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن باش تەھرىر، پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى)، ئابلىكىم روزى، راۋۇت داۋۇت، ئابلىمىت قۇربان، قاسىمجان مەمەت.



ئىقتىسادىي خەۋەرلەر گۇرۇپپىسىدىكى تەھرىر خادىملار



ئىجتىمائىي خەۋەرلەر گۇرۇپپىسىدىكى تەھرىر خادىملار



مەخسۇس بەتلەر گۇرۇپپىسىدىكى تەھرىر خادىملار



تەرجىمە خەۋەرلەر گۇرۇپپىسىدىكى تەرجىمان - تەھرىر خادىملار



مۇخبىرلار گۇرۇپپىسى ۋە ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى تەھرىر، مۇخبىر خادىملار



كوررېكتور گۇرۇپپىسىدىكى كوررېكتور خادىملار

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن پېنسىيىگە چىققان بىر قىسىم خادىملار



(سۈرەتنى رىشىت مامۇت تەرتقان)



ئىدارە ۋە بۆلۈمدىكى مەسئۇل يولداشلار خىزمەت ئۈستىدە



«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىنىڭ مەسئۇللىرى خىزمەت ئۈستىدە



«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدىكى كەسپىي ئىشلارغا مەسئۇل خادىملار
(سۈرەتنى رىشىت مامۇت تارتقان)



« قەشقەر گېزىتى » باسما زاۋۇتىدىكى بىر قىسىم كەسپىي خادىملار



«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىنىڭ لازېر نۇرلۇق ھەرپ تىزىش سېخى



«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىنىڭ زامانىۋى گېزىت بېسىش سېخى




«قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئائىلە ياتاق بىناسى

# 45 يىلدىن بۇيان
# ئۇيغۇرچە «قەشقەر گېزىتى» دە
# ئىشلىگەن ئاخبارات
# خادىملىرى

# هازىر ئىشلەۋاتقان خادىملار

## «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ، كاندىدات باش تەھرىر— نىياز جالالىدىن



نىياز جالالىدىن 1937 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر شەھىرىگە تەۋە شامالباغ يېزىسىنىڭ سوقا كۆل بېشى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1953- يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپۋە قەشقەر سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەن يىلىدىن تاكى 1957 - يىلىغىچە يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق، باردىن يېزىلىرىدا ۋە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1957 - يىلى 10 - ئايدىن 1959 - يىلى 8 - ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن، 1959 - يىلى 8 - ئايدىن 60 - يىلى 4 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە، 1960 - يىلى 4 - ئايدىن 1965 - يىلى 10 - ئايغىچە مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ نەزەرىيە سىنىپىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1974 - يىل 10 - ئايغىچە يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم

تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ھاراپ يېزا
ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك
ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇ-
ئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇ-
جىسى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتار-
لىق ۋەزىپىلەردە بولۇپ ئىشلىگەن. 1974 - يىلى 10 -
ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ تا-
كى، 1992 - يىل 6 - ئايغىچە ئىدارە ئىنقىلابىي كومىتې-
تىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى، ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇ-
ئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر قاتارلىق ۋەزى-
پىلەردە بولۇپ كەلگەن. 1992 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ
ئىدارە باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. 1983 - يىل ئاخبا-
رات كەسپى بويىچە تەھرىرلىك تېخنىكا ئۇنۋانىغا،
1987 - يىلى كاندىدات باش تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا
ئېرىشكەن.

نىياز جالالىدىن خىزمەتكە قاتناشقان 40 نەچچە
يىل، بولۇپمۇ ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 20
نەچچە يىلدىن بۇيان كەسپىي سەۋىيىسىنى ۋە
خىزمەت ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، «قەشقەر گې-
زىتى» نى ياخشى چىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. 1985 -
يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە يولغا قويۇلغان
ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەر گېزىتلىرىنى باھالاش پائا-
لىيىتىدە ئۇيغۇرچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇدا يەتتە قېتىم
1 - دەرىجىگە ئېرىشىپ كەلدى. گېزىتنىڭ مەزمۇنى ۋە
سۈپىتى مۇشتەرىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن،

ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر بولغان ئەھۋالدىمۇ تىراژى 20 مىڭدىن تۆۋەنلىمىدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ياخشى باھاسى، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ كەلدى.

نىياز جالالىدىن يىللاردىن بۇيان خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئوبدان ئادا قىلغاندىن باشقا، ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ، كۆپلىگەن يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى ئوبزور، خەۋەر، تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ، ئاخبارات سۈرەتلىرىنى تارتىپ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدى. ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان خەۋەر - ماقالىلىرى يۈز پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇن پارچە ئەدەبىي ئەسىرى «ئۆركەش» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا نەشرىيات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھەر خىل كىتابلاردىن 35 پارچىسىغا مەسئۇل كوررېكتور بولدى. نىياز جالالىدىنىنىڭ بىر پارچە ئاخبارات ئەسىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 1990-يىللىق ياخشى ئاخبارات خەۋەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاخبارات سۈرەتلىرىنى باھالاشتا بىر پارچە سۈرىتى 1993 - يىللىق باش مۇھەررىرلەر مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، يەنە بىر پارچە سۈرىتى 1994 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. نىياز جالالىدىن ئۇزاق مۇددەت ئاخبارات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى تۈرلۈك ئاخبارات ئىشلىرى پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ كەلدى. 1983 - يىلى مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەملى-

كەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاخبارات ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، سىچۋەن قاتارلىق تۆت ئۆلكىدە زىيارەت ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. 1992 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ ئاخباراتچىلار زىيارەت ـ تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، قازاقىستاندا زىيارەتتە بولدى.

نىياز جالالىدىن ھازىر شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋىلايەت ـ ئوبلاست، شەھەر گېزىتلىرى ئاخبارات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك ساغلاملىق تەربىيە جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك يەر ناملىرى ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلمەكتە. 1990 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە قەشقەر شەھەرلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

## ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، كاندىدات باش تەھرىر — ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر



ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 1946- يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا ھۇنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1962- يىلدىن 1967- يىلغىچە شىنجاڭ داشۆىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1967- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم، رادىئو ئۆزىكىدا تەشۋىقات كادىرى، مۇخبىر، تەھرىر، دىكتورلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1977- يىلى 6- ئايدىن باشلاپ «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر - تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ، 1985- يىلى 4- ئايدا «قەشقەر گېزىتى» باش مۇھەررىرلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا بەلگىلەنگەن، 1987- يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا، 1994- يىلى كاندىدات باش تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1992- يىلى 10- ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

ئۇ، ئاخبارات كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان 25 يىلدىن بۇيان، ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە «پىداكار دېھقان»، «پىلىخانىدىكى

سۆھبەت»، «ماڭسۇر ئاكىنىڭ سۇنىيى ھېلىمۇ ياڭرىماقتا»، «ئوسمان تىللانىڭ تىللالىرى»، «ئىئانە ۋە جېرىمانە توغرىسىدا»، «دەرەخ يوناشتىن ئويلىغانلىرىم»، «ئامىيۇ باتىپىدىكى كىشىلەر» توغرىسىدا قاتارلىق كۆپلىگەن خەۋەر-ماقالە، ئوبزور، مۇلاھىزە، ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. بۇلاردىن «خورازلار چىللىماقتا»، «تۇخۇمنى كۆپ ئېلىش ئۈچۈن توخۇنى ئوبدان بېقىش لازىم» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ماقالىسى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە ياخشى ئاخبارات ئەسىرى بولۇپ باھالاندى. ئۇنىڭ «ئۆگىنەيلى ۋە تەتقىق قىلايلى»، «خەۋەر-ماقالىلەرنى باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدا»، «تېما خەۋەرلىرى دەپ ئاتاش توغرا ئەمەس»، «ئىجتىمائىي خەۋەرلەر توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»، «قانداق مۇخبىرلىق قىلىش لازىم»، «تەھرىرلىك خىزمىتى توغرىسىدا»، قاتارلىق ئاخبارات ئىشلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە دەرسلىك لېكسىيەلىرى مۇخبىر-تەھرىرلەرنىڭ ۋە ئىختىيارى مۇخبىرلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. «كوكاچ بار دەپ قورقۇتماسلىق، بەلكى ئەقىلغا ئىلھام بېرىش لازىم»، «ئىسلام دىنى ۋە قەدىمكى شەھەر قەشقەر»، «تىلچى ۋە ئەدىب موللا مۇھەممەت ئوغۇز ھەمرا توغرىسىدا» قاتارلىق تەتقىقات ماقالىلىرى «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدى.

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا پارتىيىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ كەسپىي بىلىمى، خىزمەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

ئۇ، تەھرىرلىگەن ۋە لايىھىلىگەن بىر مۇنچە ماقالە، بەت ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك گېزىت بەتلىرى ۋە ماقالىلىرىنى باھالاشتا ياخشى بەت، ياخشى خەۋەر - ماقالە بولۇپ باھالاندى.

ئۇ، ئاخبارات كەسپىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغاندىن تاشقىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. 30 يىلدىن بۇيان ھەر خىل ژانىردىكى نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرى، ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ تەييارلىغان ۋە ئۆزى يازغان «يۇمۇرلار» «مەھمۇت قەشقىرى»، «دېھقانلارنىڭ ئىجاتلىق يولى»، «جانان بىلەن ئېيتقان ناخشىلار» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. 1989- يىلى ۋە 1995- يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات سەنئەت خادىمى بولۇپ، باھالاندى ۋە ئۇنىڭ نامى 1992- يىلى شياڭگاڭ جۇڭگو خەلقئارا نەشرىياتچىلىق شىركىتى نەشر قىلغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر لۇغىتى» غا، 1994 - يىلى بېيجىڭ داشۆ جۇڭگودىكى مەشھۇر كىشىلەر لۇغىتى تۈزۈش كومىتېتى ۋە جۇڭگو ھازىرقى زامان مەشھۇر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر لۇغىتىنى تۈزۈش كومىتېتلىرى بىرلىكتە نەشر قىلغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلدى. ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە باش كاتىپى.

## ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، كاندىدات باش تەھرىر — توختىھاجى تۇرسۇن



توختىھاجى تۇرسۇن 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى قوغان يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1963 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ۋە بېيجىڭ سىفەن داشۆنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1972 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن تارتىپ هازىرغا قەدەر مۇشۇ بۆلۈمدە تەھرىر، مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئۇ، ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 24 يىلدىن بۇيان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسپىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پىشقان مۇخبىر، تەھرىرگە ئايلاندى. ئۇ يازغان «قايتا يالتىرىغان چۆلدىكى يېشىل مەرۋايىت»، «چۈشۈك نان»، «سايرا، خوش ئاۋاز بۇلبۇل»، «تامچىنىڭ پىرى»، «سالامەت قىز سەنەم رولىدا» قاتارلىق ئوچېرك، تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت خاتىرىلىرى ۋىلايەت ياكى ئاپتونوم رايون بويىچە ياخشى خەۋەر ـ ماقالە بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپاتلاندى. ئۇ تەھرىرلەپ گېزىتكە بېرىلگەن ئۆز مۇخبىرىمىز ۋە ئىختىيارى مۇخبىرلارنىڭ «ئېگىزلىكتىكى ھەسەن ـ ھۈسەن»، «نېفىتلىكتىن خوش خەۋەر»، «كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان تاغ گۈللىرى ۋە ئۇلارنىڭ

غىمى»، «114 ھەردىكەتتە»، «ئۈممەت مۇشۇ زېمىندا» قاتارلىق ئوچېرك، تەپسىلىي خەۋەرلەر ئاپتونوم رايونى بويىچە ياخشى ئاخبارات ئەسەرى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ، يەنە «ئىقتىسادىي خەۋەرلەر ۋە ئۇنىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا» «زىيارەت خاتىرىسى، تەپسىلى خەۋەرلەرنىڭ يېزىلىشى»، «مۇخبىرلىق قىلىش ۋە مۇخبىرلىق ئىستىلى توغرىسىدا» قاتارلىق تېمىلاردا دەرسلىك تەييارلاپ، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا دەرس ئۆتتى. توختىھاجى تۇرسۇن گېزىت چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن باشقا يەنە، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «ئاتا ـ ئانىلارغا جاۋاپ خەت»، «ئىسلاھاتنىڭ تاڭ نۇرى»، «دۇنياۋى دېلولاردىن تاللانما»، «گوركى بىلەن ئوغلىنىڭ خەت ئالاقىلىرى» قاتارلىق ئالتە كىتابنى تەرجىمە قىلىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

توختىھاجى تۇرسۇن 1983- يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا، 1987-يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا، 1994- يىلى كاندىدات باش تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ھازىر ئۇ، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە.

# ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەھرىر — تاھىر تالىپ



تاھىر تالىپ 1946- يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار يېزا ئونتاش كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1963- يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ يىلى 7- ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ ياندۇرما يېزا ۋە ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن؛ 1978- يىلى «قەشقەر گېزىتى» گە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم ئىقتىسادىي ئىشلار گۇرۇپپىسىدا مۇھەررىر، 1980- يىلدىن 1984- يىلغىچە مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن، 1984- يىلدىن ھازىرغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسىپ ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، گېزىت بەتلىرىنىڭ كۆركەم، ياخشى بولۇشىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ كەلدى. يىللاردىن بۇيان كۆپلىگەن ياخشى بەت، ياخشى خەۋەر ۋە ياخشى ماۋزۇلارنى ئىشلىدى؛ «خەۋەرنىڭ تۈزۈلۈشى»، «ئاخبارات ئىستىلىستىكىسى»، «ماۋزۇ توغرىسىدا» ۋە «ئەدەبىي ئاخبارات توغرىسىدا» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، ئۆز مۇخبىرلىرىمىز ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىزغا كۆپ قېتىم دەرس ئۆتتى.

يەنە گېزىتنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ 7 ـ 8 يىلدىن بۇيان، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقىتىدىغان ئېقىم مەسىلىلىرى خەۋەرلىرىنى تاللاپ تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇش، تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىپ ۋەزىپىنىڭ ۋاقتىدا ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، 1 ـ بەتتە «تارىختىكى بۈگۈن»، «تۇرمۇشىڭىزغا مەسلىھەت»، «تەپەككۇر ئۈنچىلىرى»، «قۇتادغۇ بىلىكتىن تەرمىلەر» ۋە «دانالاردىن تەۋەررۈك» قاتارلىق كۆزنەكلەرنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭغا ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. تاھىر تالىپ يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ يىللاردىن بۇيان كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەر قايسى مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئېلان قىلىندى.

تاھىر تالىپ 1987 ـ يىلى تەھرىرلىك كەسپىي ئۇنۋانى ئالغانىدى.

## تەھرىر ـ ئابلىمىت قۇربان



ئابلىمىت قۇربان 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پەيزاۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1953 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان؛ 1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1966 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە پەيزاۋات ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا كاتىبا تامىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان؛

شۇ يىلى 12 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. 1985 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۈزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن.

ئابلىمىت قۇربان گېزىتخانىغا كەلگەندىن بۇيان، تەھرىرلىك - مۇخبىرلىق، قوشۇمچە خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1985 - يىلىدىن بۇيان كەسپىي گۇرۇپپا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان؛ ئۇ، 1984 - يىلى «ياردامچى تەھرىر» لىك؛ 1987 - يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1995 - يىلى كاندىدات باش تەھرىرلىككە يوللاندى. تەھرىرلىك - مۇخبىرلىق جەريانىدا «كونا ئۆتەڭ كەنتىدە يېڭى زەپەر ناخشىسى»، «تۆت توخۇ توغرىسىدا ھېكايە»، «چۆمۈپتۇ لالىرەڭ تۈسكە ھەممە ياق، ئەجداتلار قېنىدىن ئېچكەندەك بوياق» قاتارلىق ھەر خىل تۈرژانىرلاردىكى نۇرغۇنلىغان ياخشى ۋەبىر قەدەر ياخشى خەۋەر - ماقالىلەرنى يازغان ۋە تەھرىرلىگەن، ئۇ يازغان «چاقنار ئۇنىڭ تۆھپىسى - شانى، دىللاردا ئەبەد يادلىنار نامى» ناملىق ئاخبارات ئوچېركى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئاخبارات ئەسىرى مۇكاپاتىغا؛ تەھرىرلىگەن «نەسىرلەر» ناملىق ئەسەر ئۈچىنچى دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا؛ ئۇ لايىھىلىگەن 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 20- كۈنىدىكى «قەشقەر گۈلزارى» ئەدەبىيات بېتى «ياخشى بەت يۈزى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ئابلىمىت قۇربان ئون يىلغا يېقىن گېزىتىمىزنىڭ «قەشقەر گۈلزارى» ئەدەبىيات بېتىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلەش ۋە بەت ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا، ئاپتورلارنى كۆزىتىش، بايقاش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش - يېتىشتۈرۈشكە

ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ يەنە ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپلىگەن شېئىر ۋە ھېكايە ئېلان قىلدۇرغان؛ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۇنىڭ «خۇشپۇراقغۇنچىلار»، «خۇشئاۋازلار»، «ھورۇنجان بىلەن تېتىكجان» ۋە «پەزىلەت ناخشىلىرى» قاتارلىق شېئىر ۋە ھېكايە توپلاملىرى نەشىر قىلىنغان؛ «ئەيىب كىمدە؟»، «ئاجايىپ ئالتۇن»، «ئۈمىد چېچەكلىرى»، «تۆگە بىلەن ئۆچكە»، «ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، «100 ھېكايە»، «قۇياش قەسىدىسى»، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» قاتارلىق بىرلەشمە توپلاملارغا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭ «ئانام بولسا...»، «سىرنى يېشىمەن»، «غەزەللەر»، «چوڭ ئانا، مەن سېنىڭ ھەمراھىڭ» قاتارلىق شېئىر، ھېكايىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئابلىمىت قۇربان ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى ھەمدە شىنجاڭ گېزىت ئەدەبىيات بەتلىرى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# تەھرىر — ئابلىكىم روزى



ئابلىكىم روزى 1946 - يىلى ئاتۇشتا مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1963 - يىلى قەشقەر سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، 1975 - يىلغىچە يەكەن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1975 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىگەن؛ 1980 - يىلدىن ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر — مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئابلىكىم روزى ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تەھرىرلىك ۋە مۇخبىرلىق ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنداپ كەلدى. ئۇ 1992 - يىلى يازغان «ھاۋاخان ھەققىدە ھېكايە» ماۋزۇلۇق تونۇشتۇرۇش مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى گېزىتلەرنىڭ ياخشى خەۋەر - ماقالىلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1990 - يىلى ئۇ يازغان ئاخبارات ئۆچېركى - «تۇپراقتا قالدۇرۇلغان ئىزلار» ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1990 - يىلى ئۇ پىلانلانغان بىر بەت ئاپتونوم رايون بويىچە گېزىت باھالاشتا ياخشى بەت بولدى. ئۇ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەم-

ئىيتىنىڭ ئەزاسى. شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيە-
تىنىڭ ئەزاسى، هازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «قارلىغاچ»، «ئۈمىد
غۇنچىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى، «سەبىيلەر كۆل-
كىسى» ناملىق بالىلار يۇمۇرلىرى توپلىمى نەشىر قىلىن-
دى، «سەككىز دوستىنىڭ سۆھبىتى» قاتارلىق ئون نەچچە
پارچە شېئىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە مۇكا-
پاتقا ئېرىشتى. ئۇ يەنە، «يېزا ئىگىلىك ساۋاتى»، «ئىت-
تىپاق ئەزالىرى قوللانمىسى»، «قەشقەر شەھىرىدىكى پېش-
قەدەم مائارىپچىلار» ناملىق كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەر-
رىرى بولدى. ئابلىكىم روزى 1987 - يىلى تەھرىرلىك
كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، ئۇ هازىر مەخسۇس
بەتلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى.

## فوتو گراف، مۇخبىر — مەمتىمىن زىبىبىللا



مەمتىمىن زىبىبىللا 1946 - يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ با-رىن يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953 - يىلدىن باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە 1963 - يىلىغىچە قەشقەر سىفەن مەكتەپىنىڭ تولۇقسىز، تولۇق سىنىپلىرىدا ئو-قۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن 1977 - يىل 9 - ئايغىچە يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى، تەشۋىقات خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1977 - يىلى 9 - ئايدىن هازىرغىچە «قەشقەر

گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر — مۇخبىر، فوتو سۈرەت مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە. 1987 ـ يىلى مۇخبىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. مەمەتىمىن زېبىبۇللا مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا «قەشقەر خەلق باشقۇرغان تىل-تېخنىكا مەكتىپى قەد كۆتەردى»، «كەلكۈن كەلگەندە...» قاتارلىق ئىككى پارچە خەۋىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «چۈجە چىقتى»، «ئاي يېرىم تۇتۇلدى»، «ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش» قاتارلىق 29 پارچە فوتو سۈرەت ئەسىرى مۇنەۋۋەر ئاخبارات سۈرىتى ۋە 2-دەرىجىلىك ئاخبارات سۈرىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ۋىلايەت بويىچە سەككىز پارچە ئەسىرى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ھەمدە يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات سەنئەت خادىملىرىنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك فوتو سۈرەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 12 پارچە بەدىئىي سۈرىتى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر توي ئىشلىرى كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇپ، مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «ئۆركەش» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى كۆپ شېئىر، ھېكايىلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. «فوتو ئاپپاراتى ۋە ئۇنى ئاسراش، ئىشلىتىش توغرىسىدا» دېگەن سوئال ـ جاۋابلىق كىتاب تۈزۈپ نەشرگە تاپشۇردى. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «جۇڭگو مۇھىت ئاسراش گېزىتى» نىڭ ئالاھىدە ئىختىيارىي مۇخبىرى، جۇڭگو ئاخبارات سۈرەتلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ فوتو سۈرەت جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئاخبارات سۈرەتچىلىكى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

# خەتتات، تەھرىر— جۇمە ئابدۇللا



جۇمە ئابدۇللا 1942- يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلبويى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1951- يىلدىن 1958- يىلغىچە ئۆز يۇرتىدا ۋە باي ناھىيىسىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1958- يىلدىن 1962- يىلغىچە ئاقسۇ سىفەندە ۋە قەشقەر سىفەندە ئوقۇغان. 1962- يىلدىن 1975- يىلغىچە مارالبېشى ناھىيىسىدە مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن. 1975- يىلدىن ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە خەتتاتلىق (قوشۇمچە ماتېرىيال باشقۇرۇش)، مۇھەررىرلىك خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇ 1987- يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

جۇمە ئابدۇللا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى، جۈملىدىن، گېزىتنىڭ سەھىپە تامغىلىرى، سەنئەتلىك ماۋزۇلەرنى سۈپەتلىك ۋە خاتاسىز ئىشلەپ، خەۋەر - ماقالە، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل تەھرىرلەپ، تەشكىلنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى. 1988- يىلى ئۇ لايىھىلىگەن بىر پارچە مەتبەئە ھەرپلىرى نۇسخىسى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 1989- يىلى «ھۆسنخەت باغچىسىدىكى گۈللەر يەنىمۇ پورەكلەپ ئېچىلسۇن» دېگەن سەنئەتلىك ماۋزۇسى ئاپتونوم رايون بويىچە 3- دەرىجە-

لىك «مۇنەۋۋەر ئاخبارات ئەسىرى» بولۇپ باھالانغان. 1987- يىلى ئۇ لايىھىلىگەن بىر بەت ئاپتونوم رايون بويىچە ياخشى بەت بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭ ھۆسن خەت ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھۆسن خەت كۆرگەزمىلىرىدە كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان. ئۇ 1989- يىلى ۋە 1995- يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىلايەت بويىچە «مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىمى» بولۇپ باھالانغان. ئۇنىڭ «ھۆسن خەت ۋە گۈلچەمەن»، «ھۆسن خەت گۈلزارلىقى» ناملىق كىتابلىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. يېقىندا ئۇ «ھۆسن خەت گۈلزارلىقى» نىڭ 2- قىسمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى. ئۇنىڭ يەنە تىل - يېزىق ۋە خەتتاتلىق تەتقىقاتىغا ئائىت 16 پارچە ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، «تىل ۋە تەرجىمە»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «قەشقەر گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. 50 دىن ئارتۇق كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ نامىغا ئۇنىڭ ھۆسن خېتى ئىشلىتىلگەن.

جۇمە ئابدۇللا «جۇڭگو ھازىرقى زامان خەتتاتلىق ساھەسىدىكى شەخسلەر قامۇسى» ۋە «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەتكارلىرى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق تىل ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. ئۇ 1989- ۋە 1995- يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق 4- ۋە 5- نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان.

## ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەھرىر — تۇرغۇن ھېلىم



تۇرغۇن ھېلىم 1944- يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1960- يىلى قەشقەر سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولغان، 1975- يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، مۇخبىرلىق - مۇھەررىرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1980- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە پارتىيە مەكتىپى بىرلىكتە ئاچقان تۇنجى قارارلىق گېزىتخانىلارنىڭ تايانچ تەھرىر- مۇخبىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان ۋە 1984- يىلى مەملىكەتلىك ئاخبارات سىستېمىسىدىن بىر تۇتاش ئېلىنغان ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئاخبارات نەزەرىيىسى جەھەتتە لاياقەتلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئۇ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىملىرىنى تىرىشىپ تەدبىق قىلىپ، بىر قەدەر ياخشى مۇخبىرلىق — مۇھەررىرلىك سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تايانچ مۇخبىر — مۇھەررىرى بولۇپ يېتىشكەن. ئۇنىڭ «قارا ئالتۇن كانىدا تۆھپە يارىتىش»، «رەھبىرىي كادىرنىڭ كۆمۈرچى ئوغلى»، «ھامغا قاراپ ماڭغان تۆت ئاتلىق ھارۋا»، «تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالغاندا» دېگەن تەپسىلىي خەۋەرلىرى، «مەكتەپتە قوي پادىسى قانداق قىلىپ ئۆچكە پادىسىغا ئايلىنىپ كەتتى»، «يېزىلاردا ئارتۇق

ئەمگەك كۆچلىرىنى قانداق تەشكىللەش كېرەك» قاتارلىق تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ئامما ۋە تەشكىلىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەندىن تاشقىرى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «قانۇنچىلىق گېزىتى»، «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ، 1987- يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

تۇرغۇن ھېلىم يەنە گېزىتنىڭ ئاممىۋى خىزمىتى، مۇخبىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى، ئېلان - ئۇچۇر خىزمەتلىرىنى ئىشلەش جەريانىدا خېلى ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىپ، تەشكىلنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېگە بولغان. ئۇ ھازىر گېزىتخانا ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## تەھرىر — راۋۇت داۋۇت



راۋۇت داۋۇت 1947- يىلى پوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا تۆگمەنبېشى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1954- يىلدىن 1964- يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1964- يىلدىن 1965- يىلى 8- ئايغىچە قەشقەر سىفەن مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش تېز كۇرسىدا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تاكى ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە كوررېكتور، مۇھەررىر-مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ 1990- يىلى

3- ئايدىن 7- ئايغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن ئاپ-
تونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئاخبارات،
نەشرىيات باشقارمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پار-
تىيە مەكتىپى بىرلىكتە ئاچقان ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز
سانلىق مىللەت ئاخبارات خادىملىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش
كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان.

راۋۇت داۋۇت ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن 30
يىلدىن بۇيان ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى
ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ كەلدى. ئۇ يازغان «مېۋە ما-
كانىدىكى گۈللىنىش»، «شان - شەرەپكە ئېرىشكەن تەن-
تەربىيە ئوقۇتقۇچىسى» قاتارلىق ماقالىلىرى ياخشى با-
ھاغا ئېرىشكەن. ئۇ 1987- يىلى 1- دەرىجىلىك كوررېكتور-
لۇق ئۇنۋانىغا، 1992- يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرى-
شكەن. ئۇ يىللاردىن بۇيان كوررېكتور گۇرۇپپىسىنىڭ باش-
لىقى، ئاممىۋى ئىشلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋە-
زىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

## تەھرىر - روزى رازىق



روزى رازىق 1946 - يىلى
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇ-
غۇلغان. 1953 - يىلدىن 1960 - يىل-
غىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپتە، 1960 - يىلدىن 1963 -
يىلغىچە قەشقەر سىفەن مەكتەپتە
ئوقۇغان. 1963 - يىلدىن 1965 -
يىلغىچە يەكەن ناھىيىسىدە ئوقۇت-
قۇچىلىق قىلغان. 1965- يىلدىن 1983-
يىلغىچە «يەكەن گېزىتى» ۋە يەكەن

ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىكىدا مۇھەررىر ، مۇخبىر بولغان.
1983 - يىلىدىن ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، مۇخبىر، كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

روزى رازىق 30 يىلغا يېقىن ئاخبارات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، كۆپلىگەن خەۋەر - ماقالىلەرنى تەھرىرلىدى ۋە ھەر خىل ژانىردىكى ئاخبارات ئەسەرلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ئېلان قىلدۇردى.

روزى رازىق يىللاردىن بۇيان خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلەپ كەسپىي خىزمەت بويىچە كۆپ قېتىم «خىزمەت ئىلغارى» بولۇپ باھالانغان ھەمدە «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

روزى رازىق 1960 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ھەر خىل ژانىردىكى خېلى كۆپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازدى ۋە 300 كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرىنى توپلىدى «كېپىنەك» دېگەن شېئىرى 1986 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۈمىد چېچەكلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

روزى رازىق 1963 - يىلىدىن 1966 - يىلغىچە شىنجاڭ

رادىئو سىغەن داشۆسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش بويىچە تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ دىپلوم ئالغان. 1987 - يىلى ئاخبارات كەسپى بويىچە تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. روزى رازىق ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى — نۇرئىمان مەتنىياز



نۇرئىمان مەتنىياز 1944 - يىل قەشقەر شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1957 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1959 - يىل ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي باشقارما تەنتەربىيە ئەترىتىدە ئاياللار ۋالىبول كوماندا ئەزاسى بولغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا دۆلەتلىك ھەربىيلەر كوماندىسىغا يۆتكەلگەن. 1961 - يىل ئازادلىق ئارمىيىنىڭ گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى تەنتەربىيە شۆيۈەنىدە بىر يىل ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالغان. پەيجاڭ دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشىپ دۆلەت كوماندىسىغا قايتقان. 1963 - يىل 5 - ۋە 9 - ئايلاردا كوماندا بىلەن چاۋشيەن، مۇڭغۇلىيە دۆلەتلىرىگە تەكلىپ قىلىنىپ دوستلۇق مۇسا-

بىقىسىغا قاتناشقان.

نۇرئىمان، 1964- يىلى مەملىكەت بويىچە «بەشتە ياخشى تەنھەرىكەتچى» بولۇپ باھالانغان.

1966- يىل شەرەپ بىلەن ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالمىشىپ «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىغا كېلىپ «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا 1984- يىلغىچە ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ۋىلايىتىمىزنىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدە قوشۇمچە تېرېنېر بولۇپ ئىشلەپ مۇئەييەن تۆھپە قوشقان. بىر قىسىم تەنتەربىيە تايانچلىرىنى تەربىيىلەشكە ھەسسە قوشقان.

نۇرئىمان 1976- يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ «1- دەرىجىلىك» مەرگەن بولۇپ نەتىجە قازىنىپ ۋىلايەت ۋە گېزىتخانىغا شەرەپ كەلتۈرگەن ھەم مۇكاپاتلانغان. 1977- يىلى ۋىلايەت بويىچە «8- مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.

ئۇ، 1984- يىلدىن باشلاپ تەھرىر بۆلۈمىدە خەۋەر تىزىملاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ خىزمەت جەريانىدا جاپا چېكىپ تىرىشىپ ئىشلەپ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم خىزمەت ئىلغارى، مىللەتلەر ئىتتىپاقى نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. ئۇ، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالىبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

## تەرجىمان — نۇسرەت بەكرى



نۇسرەت بەكرى 1948 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ زەمىن يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1955- يىلدىن 1963 - يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1963 - يىلدىن 1968-يىلغىچە شىنجاڭ داشۆىنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، 1968-يىلدىن 1977 - يىلغىچە مەكتەپ ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق ۋە باشقا خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، 1977 - يىلدىن ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەرجىمە گۇرۇپپىسىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ، قېتىرقىنىپ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، تەرجىمە جەھەتتىكى بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، «قەشقەر گېزىتى» نىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

ئۇ، تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان گېزىتكە شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقاتقان ھەر خىل ئاخبارات خەۋەرلىرىنى ۋە خەنزۇچە گېزىتتىن تۈرلۈك يەرلىك خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن سىرت «چەت ئەل باللار ھېكايىلىرى» دېگەن كىتابقا ئۇنىڭ ئىككى پارچە تەرجىمە ھېكايىسى بېسىلدى، ئۇ، يەنە ئىشتىن تاشقىرى ۋاقىتلاردا، پەن - تېخنىكىغا دائىر قىزىقارلىق خەۋەرلەر، تىببىي ساۋات، تىببىي مەسلىھەت، تۇرمۇشىمىزغا مەسلىھەت قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى تەرجىمە

ە ماقالىلىرىدىن، 80 پارچىدىن كۆپرەكىنى ھەر خىل گې-
زىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. 1987 - يىلدىن 1992-
يىلغىچە «قەشقەر تېلېۋىزىيە گېزىتى» نىڭ تەرجىمە-تەھ-
رىرلىكىنى قوشۇمچە ئىشلىدى. ئۇ، 1987 - يىلى تەرجىمان-
لىق كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ، ھازىر ۋىلا-
يەتلىك تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى.

## تەھرىر — مۇھەممەتئىلى ئابدۇراخمان



مۇھەممەتئىلى ئابدۇراخمان
1953 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇ-
غۇلغان. 1961- يىلدىن 1970 - يىل-
غىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق
ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان.
1970 - يىلى 3 - ئايدىن 1974-يى-
لى 11 - ئايغىچە قاغىلىق ناھىيە-
ناھىيىلىك 2- يېزىنىڭ
سانائەت ئىدارىسى ۋە قاغىلىق نا-
ھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق ئو-
رۇنلاردا قايتا تەربىيە ئالغان. 1974 - يىلى 11- ئايدىن
1977 - يىلى 9 - ئايغىچە قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ جۇڭ-
گو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ۋە شۇ يىلى
گېزىتىمىزنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم
قىلىنغان. ئۇ شۇندىن بېرى ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ،
كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بىر قەدەر يارام-
لىق مۇھەررىر - مۇخبىر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ ياز-
غان «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ماھىر يېتەك-
چىسى»، «يەكەن ناھىيىسى مەبلەغ ئاز كېتىدىغان كارخا-

ىلارنى قۇرۇپ ئۇنۇمىنى كۆردى» ۋە «قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ - پىكىرلىرىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلدى» قاتارلىق تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت خاتىرىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ياخشى خەۋەر - ماقالىلەرنى باھالاشتا 3- دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. مۇھەممەتئىلى ئابدۇراخمان 1987 - يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان.

## تەھرىر - ئايتۇرسۇن مۇھەممەترېھىم



ئايتۇرسۇن مۇھەممەترېھىم 1953 - يىلى 12 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1977 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ، 18 يىلدىن بۇيان، مۇھەررىرلىك-مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئايتۇرسۇن مۇھەممەترېھىم خىزمەتكە قاتناشقانىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، ئاخبارات كەسپىگە ئائىت بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئورۇنلاپ كەلدى. ئۇ يازغان «جاپالىق سەپەرنىڭ باشلامچىسى» قاتارلىق ئۈچ پارچە تەپسىلىي خەۋەر «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان

مۇكاپاتلىق ماقالە مۇسابىقىسىدا 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ، 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە ئاخبارات خادىملىرىدىن ئېلىنغان ئىمتىھانغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى؛ 1987 ـ يىلى تەھرىرلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
ئۇنىڭ «قەيسەرنىڭ سوئالى»، «ئۆلۈممۇ ياكى تويمۇ؟»، «ئۇ خىجىل بولغانمىدۇ؟!»، «جاۋاب» قاتارلىق بىر بۆلۈك ھېكايە، شېئىرلىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

## تەھرىر ـ ئابلەت ئىسمايىل



ئابلەت ئىسمايىل 1950ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلسۇ يېزا لەڭگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1965 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلغىچە قەشقەر سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1984 ـ يىلغىچە ئۆز يۇرتىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەن ۋە 1985 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ پەلسەپە كەسپىدە ئوقۇغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر ـ مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئابلەت ئىسمايىلنىڭ ئاخباراتچىلىق، ئىجادىيەت پائالىيىتى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان دەۋرىدىلا باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە كۆپ ساندىكى شېئىر، نەسر ۋە باشقا ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە ئوچېرك، زىيارەت خاتىرىسى، ئوبزورلىرى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى؛ «بەڭباش قىز» ناملىق دىرامىسى تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئىشلەندى؛ «ۋاپادار ئېشەك»، «قوغۇنلۇقتىكى لەتىپە» قاتارلىق ئەسەرلىرى سەھنىلەردە ئوينالدى؛ «ئېچىلماي توزىغان غۇنچە» ماۋزۇلۇق ئوچېركى مەملىكەت بويىچە، «كومسومول قىز پاتىمە»، «تاغ ئوغلانى ـ دولقۇن جانى» قاتارلىق ئوچېركلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ئۆجمە دەرىخى» ماۋزۇلۇق نەسرى ئاپتونوم رايون بويىچە بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا، ئۈچ پارچە ناخشا تېكىستى، «قوغۇنلۇقتىكى لەتىپە» ماۋزۇلۇق كۈلدۈرگە ئەسىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىر قىسىم شېئىر، نەسرلىرى كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. «يۈرەك ئوغرىسى» ناملىق تۇنجى تاللانغان شېئىرلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشىردىن چىقىش ئالدىدا.

ئۇ، 1988 ـ يىلى تەھرىرلىك كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

# تەھرىر — تۇنسا ئوسمان



تۇنسا ئوسمان 1950 - يىلى يوپۇرغا ناھىيىسىدە مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 1965-يىلى تېرىم يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە ئورۇنلاشقان. 1983 - يىلى قەشقەر مائارىپ شۆيۈەنىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي تېخنىكوم دىپلومىغا ئىگە بولغان؛ 1985 - يىلى 10 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ ھازىرغىچە مۇھەررىر، مۇخبىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. 1991 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ دىپلومغا ئىگە بولغان. تۇنسا ئوسمان ئاخبارات كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ئون يىلدىن بۇيان تىرىشىپ ئىزدىنىپ كەسپىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتەردى. «قارا باغدا قانات قېقىش»، «ئايگۈلنىڭ كەچۈرمىشلىرى»، «نۇر پەرىشتىسى»، «تاغلىق يېزىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز» قاتارلىق ئاخباراتنىڭ تۈرلۈك ژانىرىدىكى ماقالىلەرنى يېزىپ گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلدۇردى. تۇنسا ئوسمان 1988 - يىلى 5 - ئايدا تەھرىرلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئۇ، ئۇزۇندىن بۇيان، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھازىرغىچە خېلى كۆپ ئەدەبىي ئەسەرلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «ئۆرۈكەش»، «ئارزۇ بوستانى»، «سۈزۈك بۇلاق» ناملىق كوللېكتىپ توپلاملارغا بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى. «ئەقىـ

دە»، «كۆڭلۈم»، «چوكانلار» قاتارلىق شېئىرلىرى تۈرلۈك مۇسابىقىلاردا 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىگە ئېرىشىپ، مۇكاپاتلاندى. 1992 ـ يىلى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق تۆت ئورۇن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ناخشا مۇسابىقىسىدا ئۇنىڭ «سۇمبۇل چاچنى ئىزدەيمەن» ناملىق ناخشا تېكىستى 2 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1994 ـ يىللىق گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىيات بەتلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا «قىز ـ چوكانلار نورۇزنىڭ كۆركى» دېگەن شېئىرى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ «خىسلەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تاپشۇردى.

هازىر ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئېلان بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى— ئابدۇرېشىت ھەسەن



ئابدۇرېشىت ھەسەن 1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1965 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1977 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى ئاچقان تەرجىمانلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ، شۇ يىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى

ئىشخانىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، 1982 - يىلىغىچە تەرجىمانلىق قىلغان. 1982 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ قېلىپ، 1986 - يىلغىچە تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، شۇ مەزگىللەردە كەسپىي جەھەتتە تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، خەۋەر، ماتېرىياللارنى تەلەپكە لايىق تەرجىمە قىلىپ ئىدارە ۋە تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. 1986 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن «قەشقەر گېزىتى» ئېلان - ئۇچۇر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، ئېلان - ئۇچۇر ماقالىلىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش ۋە لايىھىلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1991 - يىلى ئۇ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ «خەلق ئىگىلىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالى» دېگەن 150 مىڭ خەتلىك ئىچكى قىسىمدا نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن. ھازىر ئېلان - ئۇچۇر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە. ئۇ، 1992 - يىلى تەرجىمانلىق كەسپىي ئۇنۋانى ئالغان.

## تەرجىمان — قاسىمجان مۇھەممەت



قاسىمجان مۇھەممەت 1953 - يىلى 11 - ئايدا پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلسۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1970 - يىلى پەيزاۋات ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1973 - يىلى 3 - ئايدا قەشقەر سىفەن مەكتىپىنىڭ داشۆ تەييارلىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1975 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ

ئۇيغۇر تىلى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1979 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، «قىزىلسۇ گېزىتى» گە تەقسىم قىلىنىپ تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1986 - يىلى 4 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكى- لىپ كېلىپ، ھازىرغىچە تەرجىمانلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

قاسىمجان مۇھەممەت تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇل- لانغان 15 يىلدىن بۇيان، گېزىتنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بىر قىسىم تەر- جىمە ئەسەرلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

قاسىمجان مۇھەممەت 1987 - يىلى تەرجىمانلىق ئۇن- ۋانىغا ئېرىشكەن، 1989 - يىلدىن باشلاپ تەرجىمە گۇرۇپ- پىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## تەھرىر — مەتىمىن ئوبۇل



مەتىمىن ئوبۇل 1965 - يىلى 9 - ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا خىزمەتچى ئا- ئىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆز يۇرتىدا تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ- نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1982-يىل- دىن 1984 - يىلغىچە قەشقەر سىفەن مەكتىپىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەس- پىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈر- گەندىن كېيىن «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، ھازىرغىچە ئۇيغۇر

تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، مۇخبىر، كەسپىي گۇرۇپپا باشلىقى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ھەمتىمىن ئوبۇل خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئۆگىنىشنى قىلچە بوشاشتۇرماي، ئالتە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىي بويىچە تولۇق كۇرس مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولدى؛ خىزمەت جەريانىدا كەسپىي سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ئىختىدارىنى تىرىشىپ يۇقۇرى كۆتۈرۈپ، خەۋەر - ماقالىلەرنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ۋە گېزىت بەتلىرىنى كۆركەم، قىزىقارلىق قىلىپ چىقىرىش يولىدا ئىزدىنىپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ، سەككىز پارچە ھېكايە 200 پارچىدىن كۆپرەك ئاخبارات ئوچېركى ، تەپسىلىي خەۋەر، ئوبزور، خەۋەر - ماقالە يېزىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. ئۇنىڭ «تاغلارنىڭ تاناۋىنى تارتىش يولىدا» ناملىق ئاخبارات ئوچېركى 1987 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك ياخشى ئاخبارات ئەسەرى، «كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ‹تاغ گۈللىرى› ۋە ئۇلارنىڭ غېمى» ناملىق ئاخبارات ئوچېركى 1988 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ياخشى ئاخبارات ئەسەرى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ھەمتىمىن ئوبۇل 1990 - يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى، 1994 - يىلى تەھرىرلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## تەھرىر — تۇرسۇن مۇھەممەت



تۇرسۇن مۇھەممەت 1963 - يىلى 8 - ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1986 - يىلى شىنجاڭ داشۆسىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ، پارتىيىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، ھەر جەھەتتىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تەھرىرلىك ۋە مۇخبىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئورۇنداپ كەلدى. ئۇ يازغان «تۈمەلۈق يېزىنى ئۆزگەرتىش يولىدا» ناملىق تەپسىلىي خەۋەر ئاپتونوم رايون بويىچە 1991 - يىلى ئۆتكۈزگەن «پارتىيە تۇرمۇشى» ناملىق مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «‹تۈمەن› - دىن ئۆتۈش» ناملىق ئاخبارات ئوچېركى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە 2 - نۆۋەتلىك ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ 9 - كەنتىدىكى دېھقانلار قوناق ئورۇقلۇقى يېتىشتۈرۈپ سېتىپ ئائىلە كىرىمىنى كۆپەيتتى» ماۋزۇلۇق خەۋىرى ئاپتونوم رايونلۇق

پەن – تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار 1993 – يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر پەن – تېخنىكا خەۋەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 3 – دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ، 1988 – يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك، 1992 – يىلى تەھرىرلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

تۇرسۇن مۇھەممەت «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق گېزىت – ژۇرناللاردا 50 پارچىغا يېقىن نەسىر ۋە ئەدەبىي ئوبزور ئېلان قىلدۇردى.

ئۇ، ھازىر مەخسۇس بەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

## بىرىنچى دەرىجىلىك كوررېكتور – رابىيەم ئابدۇللا



رابىيەم ئابدۇللا 1954 – يىلى 1 – ئايدا قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى قوغان يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1976 – يىلدىن 1978 – يىلغىچە، قەشقەر سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1980 – يىلى 8 – ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە كىرگەندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر مۇشۇ بۆلۈمنىڭ كوررېكتورلۇق گۇرۇپپىسىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

رابىيەم ئابدۇللا كوررېكتورلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 15 يىلدىن بۇيان، تىرىشىپ ئۆگىنىپ كەسپىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈردى .

گېزىتچىلىكتىكى ئىملا، سان ـ سىپىرلار خاتالىقىنى ھوشيارلىق بىلەن سىزىۋېلىپ، گېزىتنىڭ خاتاسىز چىقىشىغا كۈچ قوشتى. «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى بويىچە كۆپ قېتىم خىزمەت ئىلغارى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

رابىيەم ئابدۇللا 1987 ـ يىلى ياردەمچى كوررېكتورلۇق ئۇنۋانىغا، 1992 ـ يىلى 1 ـ دەرىجىلىك كوررېكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ھازىر ئۇ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى كوررېكتور گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە.

## تەھرىر ـ ئەنۋەر ئىبراھىم



ئەنۋەر ئىبراھىم 1963 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئۆدەكلىك يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1970 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1979 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىفەن مەكتىپىنىڭ ئىجتىمائىي پەن سىنىپىدا ئوقۇپ، 1983 ـ يىلغىچە ئۆز يۇرتىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قەشقەر مائارىپ شۆبيۈەنىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىي سىنىپىدا ئوقۇپ، 1985 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان، مۇھەررىر ـ مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئەنۋەر ئىبراھىم ئاخبارات كەسپىگە قەدەم قويغان-
دىن بۇيان، ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، كەسپىي سەۋىيە-
سىنى ئۆستۈردى. 1989-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇرۇمچىدە
ئېچىلغان ئاخبارات خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا
ئوقۇدى. ئۇ يازغان «ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى يول-
غا قويۇش — دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى»،
«بەخت بۆشۈكىنى تەۋرىتىۋاتقان ئايال»، «دادام قوزغى-
غان ئىشتىياق»، «سوقار بۇ يۈرەك ئەۋلادلارنى دەپ»، «ئا-
دەملەر، ھاياتلىقنى قەدىرلەيلى» قاتارلىق تەپسىلىي خە-
ۋەر، ئاخبارات ئوچېركى، مۇخبىر مۇلاھىزىسى، قىسقا ئوب-
زورلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ،
كەسپداشلار ۋە مۇشتەرىلار ئارىسىدا ياخشى تەسىر قوزغى-
دى ۋە گېزىتىمىز بويىچە «ياخشى خەۋەر - ماقالە» بولۇپ
باھالاندى. «جاۋچىلىك ۋە مارىخان ھەققىدە ھېكايە» ناملىق
تەپسىلىي خەۋىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان «قې-
رىنداشلىق مېھرى» تېمىسىدىكى ماقالە مۇسابىقىسىدە 1-
دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئەنۋەر ئىبراھىم 1988 - يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك،
1992 - يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر
كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئىش-
لەۋاتىدۇ.

## تەھرىر — تۇرغۇنجان مۇسا



تۇرغۇنجان مۇسا 1963 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەر شەھەر شامالباغ يېزىسىنىڭ سىركىچى كەنتىدە مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1980 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1984 ـ يىلى خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىل 7 ـ ئايدىن بۇيان، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر ـ مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

تۇرغۇنجان مۇسا ئاخباراتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، پېشقەدەم مۇخبىر ـ مۇھەررىرلەردىن تىرىشىپ ئۆگەندى، تىرىشىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق كەسپىي ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇڭلاشقا ئۇ، 1988 ـ يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك، 1992 ـ يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئىگە بولدى. ئۇ يازغان «گۈزەل ئارزۇ ئۇنى ئالغا يېتەكلىمەكتە»، «سەپەر ئۈستىدە سۇنۇلغان سېخىي قوللار»، «ئەل سۆيگەن ئۆلمەيدۇ» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە زىيارەت خاتىرىسى، تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە تەپسىلىي خەۋەرلىرى «قەشقەر گېزىتى» تەرىپىدىن ياخشى خەۋەر ـ ماقالە بولۇپ باھالانغاندىن تاشقىرى، بەش پارچە خەۋەر ـ ماقالىسى «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق

رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلار بويىچە قوبۇل
قىلىنغان مۇكاپاتلىق ماقالە مۇسابىقىلىرىدا دەرىجىگە ئېرى-
رىشتى ھەم مۇكاپاتلاندى. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدى-
كى بىر قىسىم ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئون قې-
تىمدىن ئارتۇق «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر» بولۇپ با-
ھالىنىپ شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالدى. ئۇ ھازىر ئۇيغۇر مۇخبىرلار
بۆلۈمى ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

تۇرغۇنجان مۇسا شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەم-
ئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ياردەمچى تەھرىر- ئەخەت مۇھەممەت



ئەخەت مۇھەممەت 1955-يىلى يو-
پۇرغا ناھىيىسىنىڭ تېرىم يېزىسىدا
قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
1962-يىلدىن 1975-يىلغىچە تېرىم يې-
زىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، تو-
لۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، يېزا ئى-
گىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە يوپۇرغا
ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ-
لەردە ئوقۇغان. يوپۇرغا ناھىيى-
سىنىڭ ئاخۇنلۇقوم يېزىسىدا ئىككى
يىل قايتا تەربىيە ئالغان. 1977-يىلى 1-ئايدا خىزمەتكە قات-
نىشىپ، 1985 - يىلغىچە يوپۇرغا ناھىيىسى ۋە مارالبېشى
ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىدا خىزمەت قىلغان. 1985-
يىلى 10 - ئايدىن ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر
تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر ۋە مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇل-
لانماقتا.

ئەخەت مۇھەممەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا، ئاخبارات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلاپ خەۋەر-ماقالە يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ يىللاردىن بۇيان، يېزىلاردا بارلىققا كېلىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىر، ھېكايە ۋە بىر قەدەر يىرىك ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايىتىمىزدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. ئۇ ئېلان قىلدۇرغان 50 نەچچە پارچە ئەدەبىي ئەسەر ئىچىدە «ئاش بەرگەن قازان» ناملىق شېئىر 1982- يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇ مەزگىللەردە يازغان ئون نەچچە پارچە ئەدەبىي ئاخبارات، ئۆچېرك ۋە خەۋەر - ماقالىسى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن ياخشى خەۋەر - ماقالە بولۇپ باھالاندى. ئۇ، ئاخبارات خىزمىتىنى ئىشلەشكە باشلىغاندىن بۇيان، پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ تىرىشىپ، ئۆگىنىش ۋە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق مۇھەررىرلىك ۋە مۇخبىرلىق كەسپىنى خېلى پىششىق ئىگىلەپ بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ مۇخبىرلىق جەريانىدا يازغان ئىككى پارچە خەۋەر - ماقالىسى 1986 -، ۋە 1988 - يىللىرى ئاپتونوم رايونى بويىچە ياخشى خەۋەر - ماقالىلەرنى باھالاشتا 1 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ 1990- يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

## ياردەمچى تەھرىر — مۇرات تۇرسۇن



مۇرات تۇرسۇن 1964 – يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1970 – يىلدىن 1982 – يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1982 – يىلدىن 1984– يىلغىچە قەشقەر سفەن مەكتەپىنىڭ تىل ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان، 1984 – يىلى 8 – ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، ھازىرغىچە مۇشۇ ئورۇندا مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

مۇرات تۇرسۇن خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، ئاخبارات كەسپىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئاخباراتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىدىكى خەۋەر – ماقالىلەرنى يېزىش، تەھرىرلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى.

ئۇ، ئاخباراتچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان «ئۆستەڭدىكى جەسەت»، «ئامەت گۈلىنى چېكىسىگە قىسقان قىز»، «ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس»، «كەڭ سايدا ماھارەت كۆرسىتىش» ، «جان تومۇرغا مۇھەببەت»، «ئەجرىنىڭ قەدرىنى چېقىۋاتقان جانبازلىقلار» قاتارلىق ئاخبارات ئوچېركى، زىيارەت خاتىرىسى، تەپسىلىي خەۋەر قاتارلىقلارنى يېزىپ، «قەشقەر گېزىتى»ۋە باشقا گېزىت-

ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. ئۇ، خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا فوتو سۈرەتچىلىك كەسپىنى ئۆگىنىپ خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. بىر پارچە فوتو سۈرىتى 1994- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «ئەجرىنىڭ قەنتىنى چېقىۋاتقان جانبازلىقلار» ماۋزۇلۇق زىيارەتخاتىرىسى 1994 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، ئورمانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «يېزا ئىگىلىكى تۈپ ئاساس» ناملىق مۇكاپاتلىق خەۋەر - ماقالە مۇسابىقىسىغا قاتنىشتۇرۇلۇپ، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، يەنە بىر پارچە خەۋىرى شۇ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئويۇشتۇرغان «قۇرۇلۇش بانكىسى لوڭقىسى» مۇكاپاتلىق ماقالە مۇسابىقىسىدا 3 - دەرىجىگە ئېرىشكەن. مۇرات تۇرسۇن 1990 - يىلى يارەمچى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1986 - يىلىدىن 1990 - يىلغىچە خىزمەتتىن ئايرىلماي، ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بويىچە تىل- ئەدەبىيات كەسپىدە ئالىي مائارىپ دىپلومىنى ئالغان.

# ياردەمچى تەھرىر — ئابدۇۋېلى ئابدۇرېھىم



ئابدۇۋېلى ئابدۇرېھىم 1964 — يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1982 — يىلدىن 1984 — يىلىغىچە قەشقەر سىفەن مەكتىپىنىڭ تىل — ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. 1984 — يىلى 8 — ئايدىن ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر — مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئابدۇۋېلى ئابدۇرېھىم خىزمەتكە قاتناشقاندىن باشلاپ كەسپكە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، پېشقەدەم مۇھەررىر، مۇخبىرلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا، كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ باردى. 1985 — يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكسىز ئۆگەنگەنلەردىن ئۇيغۇر تىل — ئەدەبىياتى كەسپىدىن ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، 1988 — يىلى 2 — ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى ھەمدە تۇنجى قارارلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈشتە ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ئومۇمىي نەتىجىسى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ئۇ ئۆگەنگەن كەسپىي بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مۇھەررىرلىك، مۇخبىرلىق سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ، خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنداپ كەلدى. ئۇ يازغان بىر قىسىم ئاخبارات ئوچېركى، زىيارەت خاتىرىسى، تەكشۈرۈش دوكلاتى قاتارلىق ئاخبارات ئەسەرلىرى ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئۇ يازغان «ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى

ئېناقلىق» ماۋزۇلۇق ئوچېركى «ئۈزۈلمەس رىشتە» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى. 1990 - يىلى 12 - ئايدا ياردەمچى تەھرىرلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

## ياردەمچى تەرجىمان — ياسىنجان مۇھەممەت

ياسىنجان مۇھەممەت 1977 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1985 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، تەرجىمە گۇرۇپپىسىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

## ياردەمچى تەھرىر — ئىمام مۇھەممەت



ئىمام مۇھەممەت 1962 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1970 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1980 - يىلى 9 - ئايدىن 1985 - يىلى 8 - ئايغىچە قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ۋە شۇ يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغانىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بۇ بۆلۈمدە مۇھەررىرلىك، مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئىمام مۇھەممەت 1988 - يىلى 5 - ئايدا ياردەمچى

تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق زىيارەت خاتىرىسى، تەپسىلىي خەۋەر، ئون پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە، ئوبزور ئېلان قىلدۇردى. بىر نەچچە قېتىم «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئۇ، مۇھەررىرلىك، مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، سىياسىي، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا بىر ئۇلۇش كۈچ قوشۇپ كەلمەكتە.

## ياردەمچى تەھرىر — تۇرسۇنئاي ئوبۇلقاسىم



تۇرسۇنئاي ئوبۇلقاسىم 1964- يىلى كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1971 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، 1985- يىلى 8 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ، ھازىرغىچە مۇشۇ ئورۇندا مۇھەررىر-مۇخبىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

تۇرسۇنئاي ئوبۇلقاسىم خىزمەتكە قاتناشقان ئون يىل-

دىن بويان ئاخباراتچىلىق كەسپىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسپىي جەھەتتىكى ماھارەتنى ئىگىلەپ، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كەلمەكتە. تۇرسۇنئاي مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، تەقسىم قىلىنغان ھەر خىل ژانىردىكى ئاخباراتخەۋەرلىرىنى مۇستەقىل ۋە سۈپەتلىك تەھرىرلىگەندىن باشقا، مۇخبىرلىق خىزمىتىنىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ كەلدى ھەمدە «چۈمپەردە ئىچىدىن چىقىپ»، «شان-شەرەپ ئىزدەنگۈچىگە مەنسۇپ»، «قېرىنداشلىق مېھرىگە تولغان يۈرەكلەر»، «ئىشچىلارنىڭ كۆيۈمچان ئانىسى»، «پەرىشتە روھى» قاتارلىق ئاخبارات ئوچېركى، زىيارەت خاتىرىسى ۋە تونۇشتۇرۇشلارنى يېزىپ مۇشتىرىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

تۇرسۇنئاي 1988 - يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

## ياردەمچى تەھرىر — مۇھەممەتتۇرشات تۇردى



مۇھەممەتتۇرشات تۇردى، 1963-يىلى 5 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1971 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1981 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە قەشقەر سىفەن مەكتىپىنىڭ ئىجتىمائىي پەن سىنىپىدا ئوقۇپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1984 - يىلى 11 - ئايغىچە

كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلى يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1984 - يىلى 11 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، ھازىرغىچە بۇ بۆلۈمدە مۇھەررىر، مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

مەھەممەترىشات تۇردى ئاخباراتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 11 يىلدىن بۇيان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئاخباراتچىلىق كەسپىنى بېرىلىپ ئۆگەندى. رەسىم سىزىش ۋە فوتو سۈرەتچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، تەشكىل تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىنى بىجانىدىل ئورۇندىيالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈردى. ئۇ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىتلەر تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر ئىختىيارى مۇخبىر بولۇپ باھالاندى. كۆپ قېتىم ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل فوتو سۈرەت، مۇكاپاتلىق ماقالە مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. 1994 - يىلى ئۇنىڭ «چوپان يېزىسى باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرماقتا» ماۋزۇلۇق ئاخبارات سۈرىتى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئاخبارات سۈرىتى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئۇ ھازىر ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ، 1993 - يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

## ياردەمچى تەرجىمان — مەتىمىن ھوشۇر



مەتىمىن ھوشۇر 1964- يىلى 7- ئايدا يېزا ئىگىلىك 3-شىسىغا تەۋە 49- تۈەن - مەيدانىنىڭ (مارالبېشى) «گەمىلىك» دېگەن يەردە ئىشچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1972-يىلدىن 1982- يىل 9- ئايغىچە 49-تۈەن-مەيدان 1-پەرزەنتلەر مەكتىپىدە (خەنزۇچە)، تولۇق مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلىردە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغىچە ئوقۇغان. 1983 - يىلى 9- ئايدا شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىگە (خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە ئوقۇيدىغان سىنىپ) قوبۇل قىلىنىپ 1987- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئۇ، شۇ يىلى 8 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن مۇخبىرلىق، مۇھەررىرلىك، كوررېكتورلۇق خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، 1991 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرجىمە گۇرۇپپىسىدا تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئۇ خىزمەت تەلىپى بويىچە «قەشقەر گېزىتى» نىڭ خەۋەر - ماقالىلىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، يەنە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «شائىر بىلەن ئوغرى»، «كەچكى تاماق»، «جان

ئۇچۇن جانلار تەسەددۇق بىزدە ئىنسانلار ئارا»، «باي ئايال رابىيە قادىر»، «ئامېرىكىلىقلارنىڭ يۇمۇر تۇيغۇسى» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە ھېكايە، ئەدەبىي ئاخباران، ئوچېركلارنى ئۇيغۇر ھەم خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، كىتابخانلارغا تونۇشتۇردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىرلىشىپ تۈزگەن «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئۆگىنىش ماتېرىيالى» دېگەن كىتابىنى خەنزۇ تىلىغا، «پوسكام ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» (ئۇيغۇر تىلىغا)، «مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» (خەنزۇ تىلىغا) لارنىڭ تەرجىمە، سېلىشتۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتى.

مەمتىمىن ھوشۇر 1990-يىلى ياردەمچى تەرجىمان ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

## ئىككىنچى دەرىجىلىك كوررېكتور — خەيرىنىگۇل ئابدۇقېيۇم



خەيرىنىگۇل ئابدۇقېيۇم 1963-يىلى قەشقەر شەھەر شامالباغ يېزىسىنىڭ يالغۇز قەۋرە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1970-يىلدىن 1980-يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1980-يىلدىن 1985-يىلغىچە شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، «قەشقەر

گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، ھازىرغىچە كوررېكتورلۇق خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

خەيرىنىگۇل ئابدۇقېيۇم خىزمەت جەريانىدا ئاخبارات خىزمىتىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆز خىزمەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ كەلدى. گېزىت ۋە مۇخبىرلار ئىشى ژۇرنىلىنىڭ ئوقۇش ۋە سېلىشتۇرۇش كوررېكتورلۇقىنى ياخشى ئىشلەپ، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ خاتاسىز چىقىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ، 1988 - يىلى ئىككىنچى دەرىجىلىك كوررېكتور ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

## ياردەمچى تەھرىر - ئىمىنجان خۇدابەردى



ئىمىنجان خۇدابەردى 1965 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1973 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1983- يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىدە ئىككى يىل خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن. 1985 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر - مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئىمىنجان خۇدابەردى خىزمەت جەريانىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پېشقەدەم مۇخبىر - مۇھەررىرلەردىن ئۆگىنىپ، تەشكىل تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇن-داشقا كاپالەتلىك قىلدى. خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، خەۋەر - ماقالە تەھرىرلەشتىن باشقا 30 پارچىغا يېقىن تەپسىلى خەۋەر، زىيارەت خاتىرىسى قاتارلىقلارنى ياز-دى. بەزى خەۋەر ئوچېركلارنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى. ئۇ، 1990-يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان.

## ياردەمچى تەھرىر— نۇربىيە ئىمىن



نۇربىيە ئىمىن 1967 - يىلى 1- ئايدا قەشقەر شەھىرىگە تەۋە شامالباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1973- يىلدىن 1983 - يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن. 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ خەنزۇ تىل تەييارلىق سىنىپىدا، 1985 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇغان. 1989 - يىلى 10- ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان، مۇھەررىر - مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ، بۇ جەرياندا مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەت

بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «مۇشتەرىلارنىڭ تويۇنۇش پىسىخىكىسى توغرىسىدا»، «كەسپىي مۇخبىرلار بىلەن ئىختىيارىي مۇخبىرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا» قاتارلىق كەسپىي-تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلدۇردى. 1992 - يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك ئۇنۋانى ئالغان.

## ياردەمچى تەھرىر — بەختىيار ئابلىز



بەختىيار ئابلىز 1968 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە زىيالى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1975 - يىلىدىن 1986 - يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1986 - يىلىدىن 1988 - يىلغىچە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە داشۆ قەشقەر شۆبە مەكتىپىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىدە ئوقۇغان. 1989 - يىل 3- ئايدىن بۇيان، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر - مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

بەختىيار ئابلىز ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئاخبارات بىلىملىرىنى ئىزچىل ئۆگىنىپ، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. ئۇ يازغان «يېزا ئىستراخۋانىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا»، «سايىباغ يېزىسى قانداق قىلىپ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن بولالىدى؟»، «ئۇنىڭ ھاجەتمەنلىرى ئاز ئەمەس»، «كىچىك ئەمەلدار ھەققىدە ھېكايە» (باشقىلار بىلەن بىللە) قاتارلىق خەۋەر - ماقالىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە

ئۇيۇشتۇرۇلغان ياخشى ئاخبارات خەۋەر ـ ماقالىلىرىنى با-
هالاش، ھەر خىل مۇسابىقىلاردا بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى دە-
رىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.
بەختىيار ئابلىز 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ياردەمچى
تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

## مۇقەددىر ساھىت



مۇقەددىر ساھىت 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياماندىيار يېزا سېغىزلىق كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1963 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوت-تۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1980 ـ يىلغىچە كەنتتە ئىتتىپاق شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يې-زىلىق رادىئو ئۆزىلىدا ئىشلىگەن. ئۇ، 1985 ـ يىلدىن ھا-زىرغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەر-رىر ـ مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ، 1987 ـ يىل-دىن 1989 ـ يىلغىچە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، «ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيا-تى» كەسپى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومىنى ئالغان. 1988 ـ يىلى ئۇنىڭ «ئەمەتقارى ئابلەت بەش ئادەمنى ئۆ-لۈمدىن قۇتقۇزدى» ناملىق خەۋىرى ئاپتونوم رايون بو-يىچە ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك

مۇكاپاتقا ، 1989 ـ يىلى «پىداكارلىق شەجەرىسى» ناملىق خەۋىرى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

مۇقەددىر ساھەت ھازىرغىچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا خېلى كۆپ شېئىر، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئوچېرىكلارنى ئېلان قىلدۇردى. ئۇ، ھازىر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئابلەت جۇمە



ئابلەت جۇمە 1965 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ تېرىم يېزىسىدا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1988 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن.

1985 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. شۇندىن بۇيان، مۇھەررىر، مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ، خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مۇھەررىرلىك ـ مۇخبىرلىق قىلالايدىغان كەسپىي ئىق-

تىدارنى تىرىشىپ يېتىلدۈردى، ئۇ خېلى كۆپ ئاخبارات خەۋىرى، ئوچېرك، ئاخبارات ئوچېركى، ئەدەبىي ئاخبارات ئەدەبىي خاتىرە، تەپسىلىي خەۋەر، ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، «ئېگىزگە ئاققان سۇ»، «شەھەر ئائىلىلىرىدە چارۋا مال بورداش تېخنىكىسى»، «ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ» قاتارلىق كىتابلارنى ۋە ئۆزى يازغان «ساخاۋەت گۈلى» ناملىق كىتابىنى نەشىر قىلدۇردى. «يۇمۇرلار»، «يوپۇرغا ناۋاسى» قاتارلىق كىتابلارغا بىر قىسىم ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلدى؛ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا «مارالبېشى خەلق چۆچەكلىرى»، «مارالبېشى خەلق قوشاقلىرى»، «مارالبېشى خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، «تىل- تىللادۇر» ، «كەسپىي خەنزۇ تىلىدىن ئاساس»، «ئىلمىي ئۇسۇلدا كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەم مەسئۇل تەھرىرلىكىنى، ھەم كوررېكتورلۇقىنى قىلدى؛ ئۇنىڭ «يەنىمۇ كامال تاپ، كامىلە» ناملىق ئاخبارات ئوچېركى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ 1992 - يىللىق مۇنەۋۋەر ماقالە- ئەسەرلەرنى باھالىشىدا 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بوشلۇق ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق نەزەرىيىۋى ماقالىسى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1994 - يىللىق ياخشى ماقالىلەرنى باھالىشىدا 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئىككىنچى دەرىجىلىك كوررېكتور— نۇرىمان مىجىت



نۇرىمان مىجىت 1957 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1965 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە پەيزاۋات ناھىيىسىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1977 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1981 ـ يىلغىچە قىزىلسۇ يېزىسىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1981 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن. 1983 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە پەيزاۋات ناھىيىلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ئاچقان ئوتتۇرا سىنىپ كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1986 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە پەيزاۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. نۇرىمان مىجىت 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن بۇيان، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى كوررېكتور گۇرۇپپىسىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ، 1993 ـ يىلى ئىككىنچى دەرىجىلىك كوررېكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان.

# يارده‌مچى تەھرىر— ئادىل نۇرمۇھەممەت



ئادىل نۇرمۇھەممەت 1969 - يىلى پوسكام ناھىيىسىنىڭ كۆيباغ يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1976 - يىلىدىن 1992 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىدە ئوقىغان. 1992 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ مۇھەررىر - مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ، خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، پېشقەدەم مۇخبىر - مۇھەررىرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، يەنە تۈرلۈك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. مۇھەررىرلىك ۋە مۇخبىرلىق ئىشلىرىغا قاتنىشىپ دەسلەپكى قەدەمدە ھەر خىل ژانىرلىكى خەۋەر - ماقالىلەرنى تەھرىرلەش ۋە يېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى.

ئۇ، 1994 - يىلى 3 - ئايدا يارده‌مچى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

# ماتېرىيال باشقۇرغۇچى— مۇختەر مامۇت



مۇختەر مامۇت 1966 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر شەھىرى قوناق بازىرى ئامالە كومىتېتىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1980 - يىلى 7 - ئايدىن 1984 - يىلى 7 - ئايغىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1985- يىل 1- ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ماتېرىيال باشقۇرغۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ، ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللار ۋە نەچچە مىڭلاپ كىتابلارنى كۆڭۈل قويۇپ تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇپ، مۇھەررىر خادىملارغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەرمەكتە. ئۇ، 1994 - يىلى ياردەمچى ماتېرىيال باشقۇرغۇچى كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

# خاسىيەت ئابدۇللا



خاسىيەت ئابدۇللا 1967-يىلى 12 ـ ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1974 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بەشكېرەم يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز ۋە تولۇق سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. 1984 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە قەشقەر شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ھەم قەشقەر سىفەن شۆبىسىنىڭ تەييارلىق سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. 1986 ـيىلى 5 ـ ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇ كوررېكتور گۇرۇپپىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

# پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملار

## تەھرىر — ئەھەت ئاتاۋۇللا



ئەھەت ئاتاۋۇللا 1920-يىلى 6-ئايدا قەشقەر شەھىرىگە تەۋە نەزەرباغ يېزىسىنىڭ توققۇز تاش كەنتىدە تۇغۇلغان. 1926-يىلىدىن 1939-يىلغىچە دىنىي، پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1948-يىلى 8-ئايدا «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» دە كاتىپ بولۇپ ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر ئىشلىگەن، 1950-يىل 5-ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە كوررېكتور، مۇخبىرلار گۇرۇپپىسىدا مۇخبىر بولۇپ، 1957-يىلغىچە ئىقتىسادىي خەۋەرلەر بېتىنىڭ مەسئۇل تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 1957-يىل ئاخىرىدا تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1973-يىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1982-يىلىدىن 1984-يىلى 7-ئايغىچە يەنە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، تەھرىر بۆلۈم پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئەھەت ئاتاۋۇللا «قەشقەر گېزىتى»نىڭ ياخشى چىقىرىلىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تۆھپە قوشقان. 1983-يىلى تەھرىرلىك كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1984-يىلى پېنسىيىگە چىققان.

# تەھرىر ـ ئابدۇقادىر ھېيىت



ئابدۇقادىر ھېيىت 1922- يىلى 10- ئايدا مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىسىنىڭ قومۇشئېرىق مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1929- يىلدىن 1935- يىلغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1935- يىلى پەننىي مەكتەپكە كىرگەن. 1949- يىلى 9- ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. 1951- يىلى 3- ئايدىن 1953- يىلى 12- ئايىنىڭ ئاخىرىغىچە «يەكەن ئاممىۋى گېزىتى» (ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگان گېزىتى) دە مۇخبىرلىق-مۇھەررىرلىك قىلغان. 1954- يىلى 1- ئايدىن 8- ئايغىچە «يېڭى خوتەن» گېزىتىدە مۇھەررىر بولغان. 1954- يىلى 8- ئايدىن 1984- يىلى 6- ئايغىچە «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتى ۋە «قەشقەر گېزىتى» دە مۇخبىر- مۇھەررىرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 25 يىل كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولغان. 30 نەچچە يىل جەريانىدا خەۋەرلەرنى تەھرىرلەش، تەكشۈرۈش، ماقالە يېزىش، بەت لايىھىلەش قاتارلىق كەسپىي ئىشلارنى قىلغان. ئۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەڭ چەت، يىراق ناھىيە، يېزا- قىشلاق، كان- كارخانىلارغا بېرىپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ مۇخبىرلىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئوچېرك، تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت خاتىرىسى، تىپىك خەۋەرلەرنى يازغان. تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك شۇكى، ئۇ، 1960- يىللىرى بەش ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ يەكەن، پوسكام، قاغىلىق،

مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەرگە بېرىپ، تاغلىق رايونلار، يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ مۇخبىرلىق قىلغان ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەربىيىلىگەن، يەنە ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي 1973- يىلدىن 1980- يىلغىچە يەنە بىر قېتىم مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىدە خېلى بىر مەزگىل مۇخبىرلىق قىلغان. ئەينى يىللىرى يازغان ئوچېرك، زىيارەت خاتىرىسى، تىپىك خەۋەر، تەپسىلىي خەۋەرلەردىن «بەختلىك بول ئوغلۇم»، «ياغمۇرلۇق كېچىدە»، «تۈنجى ئالقىش»، «ئاق تالادا بىر كېچە»، «نەننىۋەنچى غالىپلارنىڭ تۆھپىسى»، «ئۇلۇغۋار ئىرادىلىك ھارماس كىشىلەر»، «تەكلىماكان بويىدىكى بوستانلىق»، «سادىق ئاكا ماۋجۇشىنى سېغىنماقتا»، «قەلبى قىزىل، خىسلىتى ئېسىل موماي»، «تارىخ دەرىخىدىن ئەڭ يېڭى، ئەڭ چىرايلىق رەسىملەرگىچە» قاتارلىقلار كەڭ مۇشتىرىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ يازغان ۋە تەھرىرلىگەن نۇرغۇن خەۋەر - ماقالىلەر مۇھەررىر سۆزى، ئوبزور، مۇلاھىزىلىرى 1- بەت ياكى بەت بېشىغا بېرىلگەن. ياخشى خەۋەر - ماقالە تەھرىرلەش، ياخشى ماۋزۇ قويۇش مۇسابىقە پائالىيەتلىرىدە نۇرغۇن ماقالىلىرى، ماۋزۇلىرى ياخشى خەۋەر ماقالە بولۇپ باھالانغان ھەم گېزىتنى قىزىقارلىق، جانلىق چىقىرىشتا تۆھپە قوشقان. ئابدۇقادىر ھېيت 1983- يىلى تەھرىرلىك كەسپىي ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان. 1984- يىلى 6- ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

# كاندىدات باش تەھرىر ــ ئابلاجان تۇرغۇن



ئابلاجان تۇرغۇن 1936- يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1950- يىلىدىن 1951- يىلغىچە قەشقەر سىفەن مەكتىپىدە، 1951- يىلدىن 1952- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇرو كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1956- يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە قاغىلىق ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى، «قاغىلىق گېزىتى» دە مۇھەررىر ـ مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1977- يىلى 6- ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ، بۇ جەرياندا مۇھەررىر، مۇخبىرلىق قىلغان؛ كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى، ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ئۇزۇن يىل مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا خەۋەر ـ ماقالىلەرنىڭ چىن بولۇشىغا، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ جايىدا ئىشلىتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلدى، تەھرىرلەر تەييارلىغان خەۋەر ـ ماقالىلەرنى ۋاقتىدا كۆرۈپ بېكىتىپ بېرىپ، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، جىددىي ھەم مۇھىم خەۋەرلەرنى 1 ـ بەت ياكى باشقا بەتلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇشتەرىلەرنى جەلىپ قىلىشقا تىرىشتى ھەم پارتىيە گېزىتىنىڭ تەلەپكە لايىق چىقىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئابلاجان تۇرغۇن 1983- يىلى تەھرىرلىك، 1993- يىلى كاندىدات باش تەھرىرلىك كەسپىي ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان. 1994- يىلىنىڭ ئاخىرى پېنسىيىگە چىققان.

## كاندىدات باش تەرجىمان- زۇنۇن مەخسۇت



زۇنۇن مەخسۇت 1923- يىلى ئاقسۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1939- يىلى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ، مائارىپ، مەمۇرىي ئورۇنلاردا تەرجىمان، بۆلۈم باشلىقى، ئىدارە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1949- يىلى 9- ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن داۋاملىق خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1950- يىلدىن 1952- يىل ئاخىرىغىچە سابىق ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ئاچقان جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قارار تەرجىمان يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1952- يىلى 9- ئايدىن 1986- يىل 1- ئايغىچە «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتى ۋە «قەشقەر گېزىتى» دە تەرجىمانلىق قىلغان. بۇ جەرياندا خەنزۇچە خەت سانى بويىچە جەمئىي 39 مىليون 300 مىڭ خەتلىك تەرجىمىنى ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەچچە دراما، كىنو- تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرىنى تەرجىمە قىلغان. 1983-يىلى كاندىدات باش تەرجىمانلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1986- يىل 1- ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

# تەھرىر — مەتتوختى ئىسمايىل



مەتتوختى ئىسمايىل 1937- يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ موكۇيىلا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1952- يىلى- دىن 1958- يىلغىچە خوتەن سىفەن، قەشقەر سىفەن مەكتەپلىرىدە ئوقۇ- غان. ئۇ، 1958- يىلى 10- ئايدىن تارتىپ «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر - مۇھەر- رىر، ئىقتىسادىي خەۋەرلەر گۇرۇپ- پىسى ۋە ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپ- پىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

مەتتوختى ئىسمايىل 36 يىللىق ئاخباراتچىلىق تا- رىخىدا، ئاخبارات نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى خېلى مۇكەممەل ئىگىلىگەن؛ كۆپلىگەن نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى، تىپىك مۇھىم خەۋەرلەرنى يازغان؛ كۆپ قېتىم ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا ئاخبارات نەزەرىيىسىدىن دەرس ئۆتۈپ، ئە- مەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر تەھرىر بۆ- لۈمى ئۇيۇشتۇرغان كەسپىي ئۆگىنىشتە خىزمەتداشلارغا ئاخبارات نەزەرىيىسى، تەھرىرلىك ئىلمىگە ئائىت دەرس ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئاخبارات خادىملىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇ، 1983- يىلى

تەھرىرلىك كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1994- يىلى 11- ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

ھەتتوختىي ئىسمايىل شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## پەيزۇللا نىئمەت



پەيزۇللا نىئمەت 1926- يىلى 1- ئايدا ئاتۇش شەھرىگە تەۋە ئۇستۈن ئاتۇش يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1940- يىل 4- ئايدىن 1944- يىل 9- ئايغىچە «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا نابورچىك بولۇپ ئىشلىگەن. 1944- يىل 10- ئايدىن 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇستۈن ئاتۇش بەيساق، قايراق كەنت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى (بۇ جەرياندا 1945- يىل 3- ئايدىن 1947- يىل 8- ئايغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇغان) بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ، 1950- يىل 1-ئايدىن 1980- يىل 7- ئايغىچە «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتى، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈملىرىدە مۇخبىر - مۇھەررىر، كوررېكتور بولۇپ ئىشلەپ، پارتىيە گېزىتىنى ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ

ەسپي گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1980- يىلى 7- ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

## ئابلاجان رەھمىتۇللا



ئابلاجان رەھمىتۇللا 1926- يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە شامالباغ يېزا سوقا كۆلبېشى كەنتىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1941- يىلى خىزمەتكە چىقىپ، تۆت يىل «شىنجاڭقەشقەر گېزىتى»، «ئاڭ گېزىتى» دە نابورچىك بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن داۋاملىق «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتى، «قەشقەر گېزىتى» دە ئىشلەپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ كوررېكتور گۇرۇپپىلىرىدا يېرىم ئەسىرگە يېقىن كوررېكتورلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۇ، ئاشۇ مەزگىللەردە گېزىت خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاراۋۇللۇق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆتكۈر «تۆمۈر كۆز»ى بىلەن ھەر خىل خاتالىقلارنى ۋاقتىدا بايقاپ، گېزىتنىڭ ساغلام، خاتاسىز ھالدا مۇشتىرىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە زور تۆھپە قوشقان. ئابلاجان رەھمىتۇللا 1986- يىلى 2- ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

## تەھرىر — ئابلا ئەخمىدى



ئابلا ئەخمىدى (ئەسلى ئىسمى تەلئەت) 1935-يىلى 1- ئايدا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېگىز ئېرىقبېشى مەھەللىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1947- يىلى دوبېشى باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەينى چاغدىكى يېرىم ئوقۇپ - يېرىم ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا تېخنىكۇم —«شىنجاڭ قەشقەر كەسپىي مەكتەپ» ۋە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنلەردە ئوقۇغان. 1950-يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى، شىنجاڭ شىنخۇا 1- باسما زاۋۇتى، بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتى، «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتلىرىدا نابورچىك، ھەرىپ قۇيۇش ئىشچىسى بولغان. 1976- يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، مۇھەررىر— مۇخبىر، ئىجتىمائىي ئىشلار گۇرۇپپىسى، مەخسۇس بەتلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1987- يىلى مۇھەررىرلىك كەسپىي ئۇنۋانى ئالغان. 1988- يىلى 8- ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

ئابلا ئەخمىدى ئىقتىدارلىق مۇھەررىر ۋە تەرجىمان بولۇپلا قالماستىن، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىب. ئۇ، 1950- يىللاردا قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا گېزىت ئۈچۈن خەۋەر - ماقالە يېزىش بىلەن بىر چاغدا، ئەدەبىيات مۇنبىرىگىمۇ قەدەم قويغان بولۇپ، ھازىرغىچە نەچچە ئون پارچە شېئىر، 60 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە-

ئۇچېرك، ئون پوۋېست ئېلان قىلغان. «يول ئۈستىدە»، «بۇزۇلغان قەسەم» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى، «يىللار» رومانى»، «ئوغۇلخان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. بەزى ئەسەرلىرى خەنزۇتىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بەزىسى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىگە كىرگۈزۈلگەن. «كاج بوۋاي» ناملىق ھېكايىسى قازاقىستاندا قايتا نەشر قىلىنغان. «كوممۇنىستىنىڭ بۇرچى»، «ئوخشىمىغان تەقدىر»، «كىچىك كارۋان»، «تۇنجۇققان سۆيگۈ» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلىرى ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولسا، ئۇنىڭ ئۆزى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان خادىم» مۇكاپاتىغا؛ مەملىكەت بويىچە «ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن تالانت ئىگىسى شەرەپ گۇۋاھنامىسى» غا ئېرىشكەن. «جۇڭگو ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر لۇغىتى»، «جۇڭگودىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن تالانت ئىگىلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلىرى قامۇسى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدىبلىرى» قاتارلىق لۇغەت، قامۇسلاردا ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. 1992-يىلى ئۇ، جۇڭگو شىنجاڭ يازغۇچىلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى تەركىبىدە قازاقىستان، ئۆزبېكىستانلاردا زىيارەتتە بولغان.

ئابلا ئەخمىدى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى. ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن يازغان ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلىپ تۈزگەن «تۇنجۇققان سۆيگۈ»، «ئادراسمان چېچىكى» ناملىق پوۋېستلار توپلاملىرى نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇ ھېلىمۇ ئىجادىيەت سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

# تەھرىر — مۇھەممەتنىياز تۇرسۇن



مۇھەممەتنىياز تۇرسۇن 1931- يىلى قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان. بۇرۇن «ئالغا» گېزىتىدە ئىشلىگەن بولۇپ، 1952- يىلى 7- ئايدا ئۈ- رۈمچىدە چىقىدىغان «ئالغا» گېزى- تىدىن شۇ گېزىتنىڭ مەسئۇلى ئاب- لىمىت مەقسۇتوۋ باشلىق بىر تۇر- كۇم ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتىگە يۆت- كىلىپ كەلگەن ھەم شۇ چاغدا ئېقىم مەسئۇللىرىگورۇپپىسىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. «قەش- قەر گېزىتى» چىقىشقا باشلىغاندىن كېيىن مۇھەررىرلىك — مۇخبىرلىق قىلغان. نۆۋەت بويىچە يېزىلارغا بېرىپ، پار- تىيە، ھۆكۈمەتنىڭ شۇ مەزگىللىك سىياسەت - فاڭجېنلى- رىنى تەشۋىق قىلغان، «مەڭگۈئۆزۈلمەس ئاتىلىق مېھرى» ماۋزۇلۇق تەپسىلىي خەۋىرى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىس- تانسىسى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلغان. 1960- يىللاردا يازغان «بىر يېزىنىڭ مەدەنىي ھاياتى»، «ئاق بايتال ھەققىدە ھېكايە»، «ئىرادىدىن سېپىل سوقۇپ...» قاتارلىق زىيارەت خاتىرىسى، تەپسىلىي خەۋەرلىرى ياخشى باھاغا ئېرىش- كەن. ئۇ، مۇھەررىرلىك خىزمىتى جەريانى- دا ياخشى خەۋەر تەھرىرلەش، ياخشى ماۋزۇ قويۇش مۇسا- بىقە پائالىيىتىدە نۇرغۇن خەۋەر - ماقالىلىرى، ماۋزۇلىرى ياخشى بولۇپ باھالانغان. 1987- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن «پېشقەدەم ئاخبارات خادىمى» دېگەن كىنىشكا، ئىنئاك ئالغان؛ 1989- يىلى تەھرىرلىك كەسپىي ئۇنۋانى ئالغان.

# ئىبراھىم زاكىر



ئىبراھىم زاكىر 1928-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدا قولھۇنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دىنىي مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، 1950-يىلى 10-ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىغا خىزمەتكە كىرىپ، تەھرىر بۆلۈمىدە كوررېكتورلۇق، مۇخبىرلىق، مۇھەررىرلىك ۋە گېزىت باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن، يازغان خەۋەر - ماقالىلەردىن بىرمۇنچىسى ياخشى خەۋەر - ماقالە بولۇپ باھالانغان. 1982-يىلى ئىدارىنىڭ ئومۇمىي ئىشلار بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ ئىشلىگەن.

1986-يىلى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ شەرەپ گۇۋاھنامىسى بىلەن شەرەپ مېدالىنى، 1987-يىلى 2-ئايدا ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان مۇخبىرلار ۋەكىللىرى يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 30 يىل ئىشلىگەن» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى ئالغان. 1988-يىل 4-ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

## تەھرىر — ئىلياس ھېزىم



ئىلياس ھېزىم 1931- يىلى 8- ئايدا يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا تۇغۇلغان. 1945- يىلىدىن 1950- يىلى 4- ئايغىچە قەشقەر سىفەن ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ كادىرلار كۇرسىدا ئوقۇغان. 1950- يىلى 4- ئايدا «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتىخانىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى» دە 1962- يىلى 6- ئايغىچە نابورچىك، كوررېكتور بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1988- يىلغىچە مۇھەررىر، مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن.

ئىلياس ھېزىم 1983- يىلى ياردەمچى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا، 1987- يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1988- يىلى 8- ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

## ئامىنە ئەختەم



ئامىنە ئەختەم 1927- يىلى 10- ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە سايىباغ يېزا قازاقلا كەنتىدە تۇغۇلغان. 1941- يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلغان ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش بويىچە ئالتە ئايلىق كۇرستا ئوقۇپ، كونىشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى قولچى، چىغمان، چارەكلە قاتارلىق مەكتەپلەردە 1950- يىلى 7- ئايلارغىچە ئوقۇتقۇچى بولـ

غان. 1950- يىلى 10- ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىغا خىزمەتكە كىرىپ، 1953- يىلغىچە نابورچىك بولغان، كېيىن تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ گېزىتنىڭ كوررېكتورلۇق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1953- يىلى 6- ئايدىن 1967- يىلى 2- ئايغىچە ماتېرىيال بۆلۈمى بىلەن كوررېكتور گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن. 1967- يىلدىن 1978- يىلغىچە «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىنىڭ زاكاس بۆلۈمىدە نابورچىك ھەم كوررېكتور بولغان. 1982- يىلى 1- ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

## تەھرىر — رىشىت مامۇت



رىشىت مامۇت 1938 - يىلى پەيزاۋات ناھىيە غولتوغراق يېزا يۇقىرى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1948 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە ئۆز كەنتىدىكى بۇقەنە باشلانغۇچ مەكتىپى، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1956 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە شىنجاڭ سفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، 1981 - يىلغىچە مەكىت ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - ۋە 4 - ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق، ئىلمىي مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1982 - يىلى 9 - ئايدىن 1994 - يىلى 11 - ئايغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر - مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ تەھرىرلىك كەسپى ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ 12 يىل مۇخبىرلىق — مۇھەررىرلىك قىلغان مەزگىلدە خېلى بىر قىسىم خەۋەر، ماقالىلەرنى ئوبدان تەھرىرلىگەن ھەم ياخشى خەۋەر ما-

قاللىرىنى يازغان، نۇرغۇن فوتو سۈرەتلىرىنى تارتقان. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپلىگەن تەشۋىقات - ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەنگەن ۋە مۇكاپاتلانغان. 1994- يىل 11 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

## ئۆمەر ئېلى



ئۆمەر ئېلى 1924 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزا ئاقتىچى كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1935 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1943 - يىلى 9 - ئايدىن 1950 - يىلى 3 - ئايغىچە ئاقتىچى كەنتىدىكى چارەك مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1950 - يىلى 3- ئايدا «قەشقەر گېزىتى» گە يۆتكىلىپ كىرىپ، 1952 - يىلى 3- ئايغا قەدەر خەت تىزىش، گېزىت بېسىش، كوررېكتورلۇق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. شۇ يىلى 3- ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ زاپخوزلۇق خىزمىتىنى ئىشلەشكە يۆتكىلىپ، گېزىتنىڭ ماتېرىيال تەييارلىقى ۋە ئارقا سەپ ئىشلىرىغا، ئىدارىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، بۇ ئىشلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت شۇغۇللانغان. ئۇ، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدا خىزمەت ئىشلىگەن 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا، كۆپ قېتىم خىزمەت ئىلغارى بولۇپ تەقدىرلەنگەن. 1981- يىلى پېنسىيىگە چىققان.

# ۋاپات بولۇپ كەتكەن خادىملار

## «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، كاندىدات باش تەھرىر— ھەسەن سابىت



ھەسەن سابىت 1940- يىـلى قەشقەر شەھىرىدە قول ھـۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958- يىلى 7- ئايدا قەشقەر سىفەنمەكتىپىنىڭ تولۇق سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ «قـەشـقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قـىلىنىپ، ئاخباراتچىلىق مـۇساپىسىنى باشـلىـغان.

ھەسەن سابىت ئاخبارات سېـپىگە كىرىپ كەلگەندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئاخبارات ئىشـلىرىغا سادىق بولۇپ ۋە ئاخبارات ئىشلىرىغا چوڭقۇر ئىشـتىياق باغلاپ، تىرىشىپ ئۆگەنگەن. قىيىن بولغانقا تىناش، تۇرمۇش شارائىتىغا قارىماي، ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا-قىشـلاق، تاغ - يايلاقلىرىغا، زاۋۇت - كارخانىلىرىغا بېرىپ، زىيالىيلار، ئىشچىلار، دېھقانلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ،

پارتىيە گېزىتىدە ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇنلىغان ياخشى ماقالىلەرنى يېزىپ، ياخشى ئاخبارات سۈرەتلىرىنى تارتقان. ئاخباراتچىلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋەرنىڭ چىن، تېز، دەل بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋەرلەردىكى يالغانچىلىق، مۇبالىغىچىلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرگە يول قويمىغان.

ھەسەن سابىت 1984- يىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، 1987- يىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندە، بۇنىڭ تۈرتكىلىكىدە يۈكىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا خىزمەت ئىشلىگەن.

ھەسەن سابىت 36 يىللىق ئاخباراتچىلىق تارىخىدا پۈتۈن زېھنى - كۈچىنى پارتىيە گېزىتى ئۈچۈن بېغىشلىغانىدى. ئۇ خېلى بىر قىسىم ۋاقتىنى ئاخبارات تەتقىقاتىغا سەرپ قىلغان بولۇپ، 1983- يىلى بېيجىڭدە شىنجاڭ ئاخبارات كادىرلىرى كۇرسىدا ئوقۇۋېتىپ «ئاز سانلىق مىللەت ئاخبارات كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم» دېگەن تەتقىقات ماقالىسىنى يازغان. «گېزىت - رادىئولاردىكى ژانىرلار توغرىسىدا»، «مۇخبىرلار يېڭى نەرسىلەرنى يېزىشقا ماھىر بولۇش لازىم»، «سەي سېتىۋېلىش ۋە سەي قورۇش»، «تەپسىلىي خەۋەر ۋە ئۇنىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا»، «مۇخبىرلىق ۋە تەھرىرلىكتىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ساۋات» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ماقالىلىرىنى، ئوبزور، مۇھەررىر ئىلاۋىسى قاتارلىقلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. ئۇ، يەنە ئۆزى يازغان ۋە باشقىلارنىڭ ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان 38 پارچە ئوچېركىنى توپلاپ «زەپەر كۈيى» ناملىق

ئوچېركلار توپلىمىغا تەييارلانغان، 1987- يىلى ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالانغان. ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، 1983- يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا، 1987- يىلى كاندىدات باش تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1992- يىلى 6- ئايدا ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندى. 1994- يىلى 11- ئاينىڭ 27- كۈنى كېسەلى شىپا تاپالماي ئالەمدىن ئۆتكەن.

## كاندىدات باش تەرجىمان — داۋۇت غازى



داۋۇت غازى 1935- يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، 1948- يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قاتناشسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇ، 1951-يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكومدا تەرجىمانلىق ھاياتىنى باشلاپ، كېيىن ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئىشلىگەن. 1971- يىلى 3- ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كېلىپ تەرجىمە بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن گېزىتنىڭ كۈندىلىك تەرجىمە خىزمىتىنى بىجانىدىل ئورۇنلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان خەنزۇ

ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1978- يىلىدىن بۇيان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «نامسىز دەريا بويىدىكى شىددەتلىك جەڭ»، «گۆر ئاغزىدىن قايتىش»، «ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «پارس مەكتۇپلىرى»، «گادايلىقتىن-شاھلىققىچە»، «باھار»، «دېڭىزدىكى چۈش»، «دېڭىز قىزى»، «شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى كۈرەشتىن ئەسلىمە»، «قۇرئاندىكى قىسسىلەر»، «يىلتىز»، «قاچقۇن ماجۇڭيىڭ»، «تۇنجى ئىسلام ئايال پادىشاھى»، «ئىپارخان»، «تۈن»، «نىقابلىق ئادەم» قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق پوۋېست - رومانلارنى ۋە تارىخىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ چىققان.

1990- يىلىدىن بۇيان ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئىككى يىلچە داۋالانغان. بۇ جەرياندا، ئۇ، كېسەلگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغان. كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. بۇلار «30 يېشىمدا كۆرگەن چۈشلىرىم»، «مۇپاسساننىڭ ناتونۇش ئايالغا يازغان خېتى»، «يىگىتلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان 100 مەسىلە»، «دادا، ئەمدى قىمار ئوينىماڭ»، «مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قىزىقارلىق ئىشلىرى» ، «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەلۋىلىكى»، «ئىككى ئىسيانكار»، «ئىگەم—سۆيگۈ»، «ئادۋوكات ۋە ئالىقانات»، «ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئەمەلگە ئاشتى»، «تۈلكىنىڭ ئاقىۋىتى» قاتارلىق ھېكايە، ئوچېرك، ئەدەبىي پارچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

داۋۇت غازى خەلقىنىڭ تىل ئالاقە ئىشلىرىدا بىرياخشى كۆۋرۈك بولۇشنى شەرەپ بىلىپ، 40 نەچچە يىل جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ ھەم ئىشلەپ، تەرجىمە خىزمىتى ۋە تەرجىمە تەتقىقاتىغا يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەن. ئۇ،

1986- يىلى 1- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولغانلار ئاكتىپى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. 1988- يىلى كاندىدات باش تەرجىمانلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، قەشقەر شەھەرلىك 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان. 1981- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەت ئەزالىقىغا، 1985- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، 1986- يىلى 5- ئايدا مەملىكەتلىك تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا سايلانغان.

يولداش داۋۇت غازى كېسەل بولۇپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1994- يىلى 2- ئاينىڭ 27- كۈنى بۇ ئالەمبىلەن خوشلاشقان.

## نۇرمۇھەممەت ئېركى



قابىلىيەت - ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرغان، مول ئىجتىمائىي بىلىمگە ئىگە مۇھەررىر ھەم شائىر نۇرمۇھەممەت ئېركى 1927- يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1984- يىلغىچە «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتى ۋە «قەشقەر گېزىتى»دە باسما زاۋۇتىنىڭ نابور ئىشچىسى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، مۇخبىر، كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولغان. كۆپ قېتىم ئاساسىي قاتلاملارغا مۇخبىرلىققا

بېرىپ، مۇھىم تىپىك خەۋەرلەرنى، «بۇغدايزارلىقتا»، «دېھقان بېشى تۇرەك پالتۇ» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئوچېرك، زىيارەت خاتىرىلىرىنى يېزىپ، مۇشتەرىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. 1984- يىل 4- ئاينىڭ 18- كۈنى ئۇشتۇمتۇت مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، بەختكە قارشى ۋاپات بولغان.

نۇرمۇھەممەت ئېركى بىلىم - ئىقتىداردا پىشىپ يېتىلگەن مۇھەررىر - مۇخبىر بولۇپلا قالماي، كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1944- يىلى «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باسما زاۋۇتىدا نابورچىك بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا باشلىنىپ، «ۋەتەن شەنىگە»، «قايىنام ئۆركىشى غەزىلىگە مۇخەممەس»، «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش»، «ئاڭ» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئۈندىگەن. نۇرمۇھەممەت ئېركى ئۇزۇن يىل «سول» لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئۇ، ئازادلىقتىن كېيىن يۈكسەك جەڭگىۋار ئىدىيە، يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، پارتىيىنى، خەلقنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى مەدھىيىلىگەن؛ قەھرىمانلىق، مەردلىك، ئۆز ئارا ھەمكارلىق قاتارلىق ئالىيجاناب خىسلەتلەرنى كۈيلىگەن. ئۇ ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، پارس شائىرى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى بىلەن «تىبىبىي يۈسۈپى» دېگەن كىتابىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلغان. «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر

قىلىنغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982- يىلى ئۇنىڭ «بۇلبۇل ۋە باھار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى؛1994- يىلى يەنە شائىرنىڭ ھايات ۋاقتىدا يېزىپ قالدۇرغان شېئىرلىرىنى يىغىپ، «ۋەتەن قەدرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى (مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز ‹سۆزلۈك›بىلەن بىللە) نەشر قىلدۇرغانىدى.

نۇرمۇھەممەت ئېركى پېشقەدەم شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس ۋە چەت تىل ئەدەبىي تەرجىمانى ئىدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى ئىدى.

## پېشقەدەم كوررېكتور — ئابلەت مۇسا



ئابلەت مۇسا 1916- يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھەر ئۈستۈن ئاتۇش يېزا ئېكىساق كەنتىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1930- يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تاكى 1935- يىلغىچە ئۆز يۇرتىدىكى مۆتىۋەرلەردىن مۇسابايوۋ، تەلئەت ئەپەندىلەرنىڭ تەربىيىسى ۋە يېتەكلىشى بىلەن تەنتەربىيە ھەرىكىتى، بولۇپمۇ پۇتبول ئويناش بىلەن مەشغۇل بولغان. 1936- يىلدىن 1951- يىل-

غىچە ئېكىساق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىش-
لىگەن. 1951- يىلى 1- ئايدىن 10- ئايغىچە «يەكەن گې-
زىتى» دە كوررېكتور بولۇپ ئىشلىگەن. 1951- يىلىنىڭ ئا-
خىرى «قەشقەر گېزىتى» گە يۆتكىلىپ كېلىپ ئۇيغۇر
تەھرىر بۆلۈم كوررېكتور گۇرۇپپىسىدا كوررېكتور بولۇپ
ئىشلىگەن.

بۇ جەريانىدا ئۇ، گېزىت خىزمىتىدىكى ئالدىنقى سۈز-
گۈچلۈك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ياخشى قاراۋۇل بولۇپ،
گېزىتتىكى خاتالىق، سەۋەنلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغان.
ھاياتىنى پارتىيىنىڭ گېزىت خىزمىتىگە بېغىشلىغان. 1977-
يىلى 7- ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 1992- يىلى 12- ئاي-
دا ۋاپات بولغان.

## ئىنايەتۇللا ئىمىن



ئىنايەتۇللا ئىمىن 1919- يى-
لى 9- ئايدا قەشقەر شەھىرىدە تۇ-
غۇلغان. 1938- يىلغىچە باشلانغۇچ
مەكتەپتە، دارىلئېتام مەكتەپتە ۋە
سىفەن قىسقا كۇرستا ئوقۇپ ئوقۇش
پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1951- يىل
3- ئايغا قەدەر قەشقەر شەھىرى،
كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پوسكام،
مەكىت قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇ-
چى بولغان. 1951- يىلى 3- ئايدا
«قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئو-
رۇنلىشىپ، مۇخبىرلىق- مۇھەررىرلىك قىلغان. بۇ جەر-
يانىدا ئۇ، نۇرغۇن خەۋەر-ماقالىلەرنى يېزىپ ۋە تەھرىرلەپ

پارتىيە گېزىتىنىڭ جانلىق، كىشىنى جەلپ قىلارلىق ھالدا چىقىشىغا بىر ئۈلۈش كۈچ قوشقان. ئۇ، كېيىنكى مەزگىللەردە خەۋەر-ماقالە تىزىملاش، ماتېرىيال باشقۇرۇش، قەلەم ھەققى بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا گېزىتنىڭ كۆركەم چىقىشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھۆسنخەت، سەنئەتلىك ماۋزۇلارنى يازغان ۋە لايىھىلىگەن. ئىنايىتۇللا ئىمىن ئىشنى ئېغىر ئالمايتتى ۋە زېرىكمەيتتى. كەمتەر، مۇلايىم، چىقىشقاق بولۇپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە قىلىپ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ئۈچۈن سەمىمىي خىزمەت قىلاتتى. ئۇ، 1980 - يىلى پېنسىيىگە چىقىپ، 1983 - يىلى ۋاپات بولغان.

## سۇلايمان روزى



سۇلايمان روزى 1919 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزا دوغىلات كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن، 1936 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 - يىلى 4 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك دوستلۇق جەمئىيىتىدە ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن ئۇنىڭدىن كېيىن «قەشقەر گېزىتى»گە يۆتكىلىپ، دەسلەپتە گېزىتنىڭ ياغدىسىنى كۆرسىتىش، گېزىت تارقىتىش، گېزىتنىڭ ئابونىت پۇلىنى يىغىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلغان، كېيىن گېزىتخانا ئومۇمىي بۆلۈمىدە ئىشلەپ 1982 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. 1994 - يىلى 3 - ئايدا ۋاپات بولغان.

# يۆتكىلىپ كەتكەن خادىملار

## پېشقەدەم ئاخباراتچى، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى— ئېيسا شاكىر



ئېيسا شاكىر 1929 - يىلى قا-
غىلىق ناھىيىسىنىڭ ئۇششارباش
يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1950 - يىلى
4 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان.
1951 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە
«جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» ۋە
«قەشقەر گېزىتى» دە مۇخبىر، مۇ-
ھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر، مۇئا-
ۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلى-
گەن. ئۇ، بۇ جەرياندا، پارتىيىنىڭ
ئاخبارات ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، پارتىيە گېزىتىنى ياخ-
شى باشقۇرۇپ، گېزىتنىڭ ياخشى چىقىرىلىشىغا ئەجىر سىڭ-
دۈرگەن. ئۇ، ئۆزى ئۆلگە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان خەۋەر -
ماقالە، ئوچېرك، ھېكايە، نەزەرىيىۋى - ئىلمىي ماقالى-
لەرنى يېزىپ گېزىت تەشۋىقاتىنىڭ جانلىق بولۇشىغا كۈچ
قوشقان. ئۇنىڭ «ئۆڭكۈردىكى چىراغ» ناملىق ھېكايىلەر،
ئوچېركلار توپلىمى 1987 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرى-
ياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ توپلامغا 50- يىللار-
نىڭ باشلىرىدىن 80 - يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر يازغان

ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن «كۆمۈش رەڭلىك شال ئېتىزلى-
رىدا»، «گۈللىنىۋاتقان قۇملۇقلار»، «يايلاقتىكى دوستى-
لۇق»، «مۇزلۇق سۇدا يار ئېتىش» قاتارلىقلار كىرگۈزۈل-
گەن بولۇپ، ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاق، ئەمگەكنى سۆيۈش،
ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىش، ئىت-
تىپاقلىق، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي
مەسىلىلەر ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇ
يەنە، 1985 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىنغان «مەھمۇت قەشقىرى» دېگەن كىتابنىڭ مەس-
ئۇل تەھرىرلىكىنى قىلدى، «نۆۋەتتىكى يېزا خىزمىتى
توغرىسىدىكى سوئال - جاۋابلار»، «سۆز سۆزلەش ماھارى-
تى ھەققىدە» دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە كىتابلارنى ۋە
ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ھەر قايسى گېزىت -
ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى.

ئېيسا شاكىر 1975 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋى-
لايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،
ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر يېزا ئىگىلىك شۆبىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن باشلىقى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋا-
لىيسى بولغان. ئۇ، ۋالىي بولغاندىن كېيىن، خەلق بەرگەن
ھوقۇقنى جايىدا ئىشلىتىپ، كۆپلىگەن زىيالىيلارنىڭ، بىر
قىسىم پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ناھەق دېلولىرىنىڭ ئادىل
بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان. بىر قىسىم
خارلانغان زىيالىيلارنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،
مۇۋاپىق خىزمەتكە قويغان. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبى-
يات - سەنئەت، ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىغا
ھەسسە قوشقان. تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۇ، ۋا-
لىي مامۇتوپ قۇربانغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ۋە ياخشى

مەسلىھەتچى بولۇپ، ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز «مەھمۇت قەشقە-
رى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»لارنىڭ تۇغۇلغان، ئۆسكەن، ۋاپات
بولغان جايىنىڭ ئېنىقلىنىشىغا، مەقبەرىسىنىڭ ياسىلى-
شىغا، بۇ جەھەتتىكى تۈرلۈك مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ ئې-
چىلىشىغا ۋە باشقا تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ياخشى ئىشلى-
نىشىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقانىدى.

يولداش ئېيسا شاكىر 1987 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18-
كۈنى خىزمەت ئۈستىدە جىددىي كېسەللىككە يولۇقۇپ، دا-
ۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولغان.

## ياسىن سىدىق



ياسىن سىدىق 1925 - يىلى
6 - ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ
قوغان يېزا قارا ساقال كەنتىدە
تۇغۇلغان. ئۆز يۇرتىدىكى باشلان-
غۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1939 - يى-
لىدىن 1942 - يىلىغىچە قەشقەر
سفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1942 -
يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە قەشقەر شە-
ھىرى، يېڭىسار ناھىيىسى، قەشقەر
كونىشەھەر ناھىيىسى قاتارلىق ئو-
رۇنلاردا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1949-
يىلى 10 - ئايدا ئىنقىلابى خىزمەتكە قاتنىشىپ 1951 -
يىلى 3 - ئايغىچە قەشقەر شەھەر ئوردا ئىشىكى مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچى بولغان. شۇ يىلى 3 - ئايدا «جەنۇبىي تيان-
شان» گېزىتىگە يۆتكىلىپ، كۆچۈرگۈچى، ئۆگەنگۈچى مۇخ-

بىر — مۇھەررىرى، كەسپىي گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1951 — يىلى 8 — ئايدىن 1952 — يىلى 1 — ئايغىچە «شىنجاڭ ئاخباراتچىلار ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى» گە قاتنىشىپ، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، شېنيەن، نەنجىڭ، داليەن، خاربىن قاتارلىق جايلاردىكى شەھەرلىك، ۋىلايەتلىك گېزىتخانىلارنى، زاۋۇت، كانلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىپ كەلگەن ھەمدە ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىش، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان ۋە مۇخبىرلىك قىلغان.

ياسىن سىدىق 1952 — يىلى 8 — ئايدا «خوتەن گېزىتى» گە يۆتكىلىپ، مۇئاۋىن باش تەھرىر بولغان. 1954-يىلى 6 — ئايدا «خوتەن گېزىتى» توختىتىلغاندىن كېيىن يەنە «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» گە كېلىپ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1956 — يىلى 6 — ئايدا «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» «قەشقەر گېزىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن «قەشقەر گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى بولغان. 1957 — يىلى 9 — ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» گە يۆتكىلىپ، «شىنجاڭ دېھقانلىرى گېزىتى» نىڭ مەسئۇلى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە گۇرۇپپا باشلىقى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، ئاخبارات تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1986 — يىلى كاندىدات باش مۇھەررىر ئۇنۋانى ئالغان.

ياسىن سىدىق ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 5 — نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئاخبارات ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ

ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. 1987 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ گې- زىتى ئىدارىسىدا پېنسىيىگە چىققان. 1995- يىلى 4- ئاي- نىڭ 27- كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## سېيىت زۇنۇن



سېيىت زۇنۇن 1931 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزا داڭگالچى كەنتىدە تۇغۇلغان؛ 1938 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئۇنىڭدىن كېيىن 1949 - يىلغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان؛ 1950 - يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1956 - يىلغىچە يېڭىشە- ھەر ناھىيىسىدە رايون، ناھىيىلەردە يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان؛ 1957 - يىلى1- ئاي- دىن 1980 - يىلى 10 - ئايغىچە«قەشقەر گېزىتى»ئىدارىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر-مۇھەررىر، يېزا ئىگىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى،ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى،گېزىتخانا پارتكومىنىڭ ھەي- ئەت ئەزاسى، تەھرىر بۆلۈم پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان؛ 1980 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا يۆت- كىلىپ، 1990 - يىلغىچە نەشرىياتنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ سابىق مەركىزىي مىل-

لەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ كادىرلار تەربىيىلەش كۇرسىدا
بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان ۋە كاندىدات ئالىي مۇھەررىر-
لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ، ھازىر دەم ئېلىشقا چىقىپ،
ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا.

«گېزىتخانا مېنىڭ 2 - ئانا مەكتىپىم». بۇ — ئۇنىڭ
دائىم تەكرارلايدىغان يۈرەك سۆزى. دېمىسىمۇ ئۇ يېزى-
دىكى چاغلىرىدا قەشقەر گېزىتىنىڭ بىر ھەۋەسكار ئىخ-
تىيارىي مۇخبىرى ئىدى، ئۇ گېزىتخانىغا يۆتكىلىپ كەل-
گەندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلىنىڭ غەمخورلۇقى، مەر-
ھۇم ئېيسا شاكىر، ئەمەت ئاتاۋۇللا، ئابدۇقادىر ھېيىت،
ئوبۇل شېرىپ، ئۆمەر قادىر قاتارلىق پېشقەدەم ئاخبارات-
چىلارنىڭ زېرىكمەي - تېرىكمەي يېتەكلىشى، ئۆزىنىڭ
ئاخبارات كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ
ئۆگىنىشى، جاپالىق خىزمەت شارائىتىنىڭ چېنىقتۇرۇشى
ئارقىسىدا ھەر جەھەتتىن چېنىقىپ پەيدىنپەي ئۆسۈپ يې-
تىلدى ۋە پارتىيە گېزىتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىلەرنى
قوشتى؛ ئۇ، قەشقەر گېزىتىدە ئىشلىگەن 23 يىل جەريانىدا
كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، بىجانىدىل ئىشلەپ، 25 مىليون
خەتلىك خەۋەر - ماقالىنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلدى، تەك-
شۈرۈپ بېكىتتى؛ 33 پارچە باشماقالە، ئوبزور، مەخسۇس
ماقالە، 50 پارچىدىن ئارتۇق تەكشۈرۈش دوكلاتى، مۇلاھى-
زە يازدى.

ئۇ، گېزىتخانىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدا ئەدەبىي ئىجا-
دىيەتكە ياخشى ئۇل سالدى ۋە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەت-
لەرنى قولغا كەلتۈردى. 1958 - يىلى ئۇ «جۇدەيفۇ»، «تاش-
قىندا» ناملىق ئوچېركلىرى ئارقىلىق قەلەمكەشلەر سې-
پىگە قوشۇلغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ 100 پارچىدىن

ئارتۇق ئاخبارات ئوچېركى، ئوچېرك، 50 پارچىدەك ھېكايە - پوۋېست، نەسىر يازدى، «غاپىللار دەرگاھىدا» ناملىق بىر توم، ئۈچ قىسىملىق رومانىنى يېزىپ تاماملىدى، 60 پارچىدەك ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلى، 500 دەك ماقال - تەمسىل توپلاپ رەتلىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار، ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ئېلان قىلىندى ۋە ئاڭلىتىلدى. «قەيسەر جەڭچى»، «تاغامنىڭ شادلىقى»، «قۇمغا كۆمۈلگەن جەسەت» قاتارلىق ئالتە پارچە ھېكايە - پوۋېستى مىللەتلەر نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كوللېكتىپ ھېكايە - پوۋېستلار توپلاملىرىغا تاللاپ كىرگۈزۈلدى، «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىغا خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلدى. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر «ھەقىقەت نۇرى» ناملىق ئوچېرك - ھېكايىلار توپلىمى بىلەن «41 - تاشمايماق» ناملىق ھېكايە - پوۋېستلار توپلىمى، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (4)» (بىرلەشمە) توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئۇ ھازىر، قەشقەر ۋىلايەتلىك پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىياتى - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي

جەمئىيىتى، جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ غەربىي ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى، قەشقەر يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەزاسى.

## ئابلىز ئۆمەر



ئابلىز ئۆمەر 1943 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1950 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئۇ، 1959 - يىل 8 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە كىرگەن، خىزمەت جەريانىدا شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆسىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا، قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل فاكولتېتىدا ئوقۇغان ۋە بىلىم ئاشۇرغان. ئابلىز ئۆمەر «قەشقەر گېزىتى» دە ئىشلىگەن مەزگىلدە 1976 - يىلغىچە ئۇيغۇرچە گېزىت چىقىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، تەھرىر گۇرۇپپا باشلىقى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى بولغان، 1976 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە گېزىتخانا پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولغان، 1986 - يىلى مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىككە ئۆستۈرۈلگەن، 1983 - يىلى

تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا، 1987-يىلى كاندىدات باش تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئابلىز ئۆمەر 1990-يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا يۆتكەلگەن.

ئابلىز ئۆمەر «قەشقەر گېزىتى» دە ئىشلىگەن مەزگىلدە ئاخبارات ئىسلاھاتى داۋامىدا ياشلىق باھارىنى ئۇرغىتىپ، تەشۋىقات ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، گېزىتنى كۆركەم، جانلىق قىلىپ چىقىرىش جەھەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئۇيغۇرچە «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1985 - يىلدىن بۇيان يەتتە يىل ئۇدا ئاپتونوم رايونى بويىچە يەرلىك گېزىتلەر ئارا مۇھەررىرلىك — بەت ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە 1 - بولۇپ باھالىنىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ئابلىز ئۆمەر يازغان بەزى ماقالە ۋە ئوبزورلار جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىغان ۋە بەزىلىرى مۇنەۋۋەر ماقالا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ئابلىز ئۆمەر يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى ئۈچۈن مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ 30 يىل ئىشلەپ تۆھپە قوشقانلىق شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن ھەمدە ئۇنىڭ نامى «ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى مەشھۇر سەنئەتكارلار لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى مەشھۇر تەھرىر - مۇخبىرلارنىڭ تەرجىمىھالى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن.

ئابلىز ئۆمەر ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ھەر دەرىجىلىك نەشرىياتلار نەشر قىلغان ئون نەچچە بىرلەشمە توپلامغا ئەسەرلىرى ئېلىنىغان، ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە، ئوچېرك، سەنۋىن، ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان، «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «ۋاپادارلىق كۈيى» ناملىق ئوچېركلار توپلىمى نەشر قىلىنغان، بەزى ئەسەرلىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئابلىز ئۆمەر ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت نەش-
رىياتچىلىرى خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ
ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ
دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، غەربىي ئاسىيا تەتقىقات جەم-
ئىيىتى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر «قۇ-
تادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.
ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مەسئۇل خىزمەت
ئىشلەۋاتىدۇ.

## ئابدۇلھەي ئابدۇزاھىر



ئابدۇلھەي ئابدۇزاھىر ئاتۇش
شەھەر ئۈستەن ئاتۇش بەيساقكەن-
تىدىن. 1965 - يىلدىن1977 - يىل-
غىچە «قەشقەر گېزىتى» دە مۇخ-
بىرلىك، مۇھەررىرلىك قىلغان؛ ئى-
دارە ئىنقىلابىي كومىتېت گېزىت
باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن
گۇرۇپپا باشلىقى؛ ئۇيغۇر تەھرىر
بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قا-
تارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.
1977 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا يۆتكەلگەن. ھا-
زىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ باشلىقى.

# ئوبۇل شەرىپ



ئوبۇل شەرىپ 1935 - يىلى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ سىيەك يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1942 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە؛ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1955 - يىلى 7 - ئايدىن 1956 - يىلى 2 - ئايغىچە پەيزاۋات ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1956 - يىلى 2 - ئايدىن 1964 - يىلغىچە «جەنۇبىي تيانشان» گېزىتى ۋە «قەشقەر گېزىتى» دە مۇھەررىرلىك - مۇخبىرلىق قىلغان؛ كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى، ئىدارە پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1964 - يىلى 9 - ئايدىن 1966 - يىلى 5 - ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان، شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن «ئېلى گېزىتى» ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ، 1991 - يىلغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، تەرجىمانلىق قىلغان، ئىدارە پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئىدارە تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ئىدارە پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، كاندىدات باش تەھرىرلىك كەسپىي ئۇنۋانى ئالغان. 1991 - يىلى پېنسىيىگە چىققان.

# تۇردى باقى



تۇردى باقى قەشقەر يېڭىشەھەر
ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1933-يىلى تۇ-
غۇلغان. 1950- يىلى تولۇق سىفەننى
پۈتتۈرۈپ، 1961 - يىلى 4-ئايغىچە
«جەنۇبىي تيانشان» گېزىتى، «قەش-
قەر گېزىتى»دە كوررېكتور، كوررېك-
تورلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تەھرىر
بۆلۈم ئىجتىمائىي ئىشلار گۇرۇپپى-
سىنىڭ باشلىقى بولغان، قوشۇمچە
فوتو سۈرەت مۇخبىرلىقى بىلەن مۇ
شۇغۇللانغان. 1961 - يىلى 4 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم
تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇ-
ئاۋىن باشلىقى بولغان. 1975 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر
مەمۇرىي مەھكىمە خەلق ئىشلار باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ،
مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، باشقارما پارتىيە گۇرۇپپىسى-
نىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
1994 - يىل دەم ئېلىشقا چىققان.

# توختى قاسىم



توختى قاسىم 1934 - يىلى 11 - ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئارغۇيېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1950 - يىلىدىن 1953 - يىلى 1 - ئايغىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - كورپۇس تەلىم - تەربىيە پولكىنىڭ خەنزۇ تىلى مەخسۇس كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1953 - يىلى 1 - ئايدىن 1976 - يىلى 12 - ئايغىچە «جەنۇبىي تيانشان» گېزىتى ۋە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈملىرىدە مەخسۇس تەرجىمانلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان؛ 1976 - يىلى 12 - ئايدىن 1991 - يىلى 8 - ئايغىچە جۇڭگو مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسى (ھازىرقى جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى) دە تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

توختى قاسىم تەرجىمانلىق خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپىم دەپ قاراپ، بۇ كەسپنى قىزغىن سۆيۈپ، تىرىشىپ ئۆزلۈكىدىن ماتېرىياللاردىن ۋە ئۇستازلىرىدىن ھەم سەپداشلىرىدىن ئۆگىنىپ، تەرجىمە، تەھرىرلىك سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تەرجىمانلىق سېپىدە داۋاملىق ئۆز تۆھپىسىنى قوشماقتا. ئۇ، كاندىدات باش تەرجىمانلىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان؛ جۇڭگو نەشرىيات ساھەسىدىكىلەر لۇغىتى، جۇڭگو ئالىملىرى ئىسىملىكى لۇغىتىدە تونۇشتۇرۇلغان. ھازىر شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

# ئۆمەر قادىر



ئۆمەر قادىر 1932 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۇرچى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1943 - يىلدىن، 1947- يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1950 - يىلدىن 1951 - يىلى 9 - ئايغىچە ئاقسۇ سىفەن مەكتىپىدە ھەمدە سابىق شىنجاڭ بيۇرو كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ئوقۇپ، «ئاقسۇ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ 1953 - يىلغىچە مۇخبىرلىق قىلغان. 1954 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈملىرىدە مۇخبىر — مۇھەررىرلىك قىلغان ھەم مۇخبىرلار ۋە ئىقتىسادىي خەۋەرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىق، باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

ئۆمەر قادىرنىڭ 30 يىلغا يېقىن ھاياتى پارتىيىنىڭ تىلى بولغان گېزىتنى ياخشى چىقىرىش بىلەن ئۆتكەن، ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئاخباراتچىلىق ئىلمىنى بىر قەدەر پىششىق بىلىشكە ئىگە بولۇپ، تونۇشتۇرۇش، زىيارەت خاتىرىسى، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوبزور، باش ماقالە قاتارلىقلارنى دەل ۋاقتىدا، توغرا، جانلىق ۋە ئىشانچىلىقى ئېنىق قىلىپ يېزىپ، تەھرىرلەپ مۇشتەرىلەر بىلەن دەل ۋاقتىدا يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇ، يەنە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم مۇخبىرلار گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن ۋاقتىدا، «قەشقەر گې-

زىتى مۇخبىرلار ئىشى» نى ۋاقتىدا چىقىرىش، ناھىيىلەرگە بېرىپ ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا دەرس ئۆتۈش، مۇخبىرلار قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىش، دوست مۇخبىر تۇتۇشتەك كۆپ خىل شەكىل، جانلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، گېزىتىمىزنىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرلار قوشۇنىنىڭ ساغلام، مۇنتىزىم راۋاجلىنىپ، گېزىتنىڭ ياخشى چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ھەر قايسى مەزگىلدىكى تۈپ سىياسەت، فاڭجېن، لۇشيەنلىرىنىڭ تەشۋىق قىلىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ئىجرا قىلىنىشىغا توھپە قوشتى.

يولداش ئۆمەر قادىر 1980 - يىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوتتا خىزمەت ئالمىشىپ، شۇ ئورۇندىن پېنسىيەگە چىقتى.

## ئاخۇن ھاجى



ئاخۇن ھاجى 1933 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1949 - يىلى 9 - ئايدىن 1955 - يىلى 7 - ئايغىچە قەشقەر سىفەن مەكتىپى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى، 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1955 - يىلى 7 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى

بولغان.

1961 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، شىنجاڭ داشۆدىن «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەرجىمانلار ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، يېزىق تەرجىمانلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. گېزىتخانا تەرجىمانلار ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن 18 يىل جەريانىدا «قەشقەر گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسىغا بېسىلىدىغان مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەرنى تېز، سۈپەتلىك تەرجىمە قىلىپ ۋە تەھرىرلەپ ئىقتىدارلىق تەرجىمان بولۇپ تونۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا قوشۇمچە مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆپلىگەن خەۋەر ـ ماقالىلەرنى يېزىپ ۋە فوتو سۈرەتلىرىنى تارتىپ گېزىتتە ئېلان قىلىپ، كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 1979 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ، «جىنايى ئىشلار قانۇنىدىن سوئال ـ جاۋابلار» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان، «قۇشلار دۇنياسى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ نەشىر قىلدۇرغان. سىياسىي قانۇن خىزمىتىدىن نۇرغۇن سۈپەتلىك ماقالە، خەۋەرلەرنى يېزىپ، گېزىتلەردە ئېلان قىلىپ كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان، 1994 ـ يىل پېنسىيىگە چىققان.

## هاجى ئېلى



هاجى ئېلى 1928 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاتۇش شەھەر ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1954 ـ يىلغىچە ئاتۇش، ئۈرۈمچىلەردە ئوقۇش ھەم خىزمەتتە بولغان. 1956 ـ يىلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. 1957 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر ـ مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىگە يۆتكىلىپ خىزمەت ئىشلەپ، 1988 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان.

## تۇرسۇن نىياز



تۇرسۇن نىياز 1941 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ غولتوغراق يېزا بەشتوپ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1954 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە پەيزاۋات 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1957ـ يىلى 8ـ ئايدىن 1960ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇغان. 1961 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1966 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە پەيزاۋات 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

ئوقۇتقۇچى بولغان. 1966 - يىلى 12 - ئايدىن 1984 - يىلى 6 - ئايغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر - مۇخبىر، ئىجتىمائىي ئىشلار گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. 1984 - يىلى 6 - ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ ھازىرغىچە ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

تۇرسۇن نىياز «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن 18 يىل جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى خەلقنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، «قەشقەر گېزىتى» نىڭ ياخشى چىقىرىلىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئۇ تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن يىللاردا تەھرىرلىكنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر چاغدا، يەنە كۆپلىگەن ئەدەبىي ئاخبارات، تەپسىلىي خەۋەر، ئىلمىي ماقالە قاتارلىقلارنى يېزىپ گېزىتتە ئېلان قىلدۇرغان. ئۇنىڭ 1987 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇزۇن سەپەر ناخشىلىرى»؛ 1989 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «سۇدىن چىققان پەرىزات» ماۋزۇلۇق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن كۆپلىگەن شېئىرلىرى ۋە «ئاچا - سىڭىل» ماۋزۇلۇق ھېكايىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن كۆپلىگەن ھېكايە، نەسىر، مەسەللىرى، ئۇ «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن شۇ مەزگىللەردە يېزىلغان ۋە تۇنجى بولۇپ «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان.

# ئۇچقۇنجان ئۆمەر



ئۇچقۇنجان ئۆمەر 1945-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1952-يىلدىن 1968-يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1971-يىلدىن 1981-يىلغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر-مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1981-يىلدىن ئېتىبارەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. 1957-يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ يازغان شېئىر، ئەدەبىي ئەسەرلىرى، خەۋەر ماقالىلىرى «شىنجاڭ پىئونېرلىرى»، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ دېھقانلىرى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخباراتچىلىق مەيدانىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە يېزىپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. گېزىتنىڭ سان-سۈپەت جەھەتتىن ياخشى چىقىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان. كەسپىي خىزمەتتە قىزغىن ۋە تەشەببۇسكار بولۇپ، سەۋىيىلىك، سۈپەتلىك ماقالىلەرنى تەھرىرلەپ گېزىتكە چىقىرىپ، جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ گېزىتنىڭ

ئەدەبىيات بىتىنى ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ قوشقان. ئۇ، ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتى، جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتى، شىنجاڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق 10 نەچچە ئىلمىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ۋە مۇدىرىيەت ئەزاسى.

## ئابدۇجېلىل تۇرسۇن



ئابدۇجېلىل تۇرسۇن 1940-يىلى خوتەن لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاش يېزا ئالتىلە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1948-يىلدىن 1959-يىلغىچە ئۆز يۇرتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، خوتەن سىفەن مەكتىپى، قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇغان. 1959-يىلى 7-ئايدىن 1975-يىلى 7-ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ۋە قەشقەر سىفەن مەكتەپلىرىدە تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1975-يىلى 8-ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، 1985-يىلى 7-ئايغىچە مۇخبىرلىق-مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولغان.

ئابدۇجېلىل تۇرسۇن كەسپىي خىزمەتلىرىنى ئىشلەش

بىلەن بىللە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھېكايە، نەسىر، سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ كۆزگە كۆرۈنگەن. 1983 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «يۈرەك ئۇچقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشىر قىلغان؛ «قەھرىمان بويتاق»، «ھايات شاماللىرى» قاتارلىق توققۇز پارچە ھېكايىسى «دادامغا يېزىلغان خەتلەر» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلار نەشىر قىلغان «توي چاچقۇسى»، «تىيانشان ناخشىسى»، «قەشقەر ناۋاسى»، «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر»، «قۇتلۇق ئىز»، «قامچا» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىغا ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى نەشىر قىلىپ تارقاتقان «تەڭرىتاغ سادالىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا ئۇنىڭ 20 پارچىغا يېقىن تاللانغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. «ۋەتەن سۆيۈش نەزمىلىرى»، «كۆڭۈل قەتىرلىرى»، «ياشلىق تىلەكلىرى» قاتارلىق ئۈچ شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە سۇنغان.

ئابدۇجېلىل تۇرسۇن 1980 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىمى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان؛ مۇھەررىرلىك كەسپىي ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ، 1985 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ، شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

## مۇھەممەت ھېيىت



مۇھەممەت ھېيىت 1945 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى قەشقەردە پۈتتۈرۈپ، 1960 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1965 ـ يىلى ئوقۇش پۈت- تۈرگەن. 1968 ـ يىلى «قەشقەر گې- زىتى» ئىدارىسىغا خىزمەتكە تەق- سىم قىلىنىپ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈ- مىدە گۈزەل سەنئەت تەھرىرى ۋە فوتو سۈرەت مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن مەزگى- لىدە جەمئىيەت ۋە ئاساسىي قاتلام بىلەن كەڭ ئۇچرىشىش، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى تۇنجى ئەسىرى — «قىز يۆتكەش» تېمىلىق ماي بوياق رەسىمى 1979 ـ يىلى بېيجىڭدە ئېچىلغان «دۆ- لىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» گە تاللىنىپ كەڭ تا- ماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. مۇھەممەت ھېيىت خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن 1980 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئام- مىۋى سەنئەت سارىيىغا يۆتكىلىپ، مۇئاۋىن ساراي باش- لىقى ۋە گۈزەل سەنئەت خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1981 ـ يىلى مەملىكەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. 1983 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل

سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان. مۇھەممەت ھېيىت قەشقەردە ئېشىلگەن 23 يىل جەريانىدا كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ رەسساملىق مۇنبىرىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيەت تارىخىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى «بالدۇر كەلگەن كۈز»، «ئوسما قويۇش»، «باش باھار»، «قايىنىغان قۇملۇق» قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن مەملىكەتلىك كۆرگەزمىلەرگە تاللىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

مۇھەممەت ھېيىت 1986 - يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي - تېخنىكا خادىمى»، 1989 - يىلى «قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

مۇھەممەت ھېيىت 1991 - يىلى شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىگە يۆتكەلگەن. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك رەسسام بولۇپ ئىشلىمەكتە.

## تۇرسۇنجان زۇنۇن



تۇرسۇنجان زۇنۇن 1947 - يىلى ئاقسۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان. قەشقەردە ئوقۇپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن. ھازىر ئۇ ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ، 1959 - يىلدىن باشلاپ «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى باسما زاۋۇتىنىڭ نابور ئىشچىسى بولغان. تەشكىل ئۇنى 1963 - يىلى ئوقۇشقا

ئەۋەتىپ خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گېزىتخانا باسما زاۋۇ- تى ۋە ئىدارە مەمۇرىيىتىنىڭ تەرجىمانى بولغان. ئۇ 1975- يىلدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، 1986 - يىلى 8 - ئايغا قەدەر تەرجىمە گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن. تۇرسۇنجان تەرجىمە گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن ئون نەچچە يىل جەريانىدا ئۇيغۇرچە گېزىتكە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپلا قالماي، ئۇيغۇرچە خەۋەر - ماقالە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قى- لىش جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ، خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە كۆپ- لىگەن خەۋەر - ماقالىلەرنى يېزىپ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان.

تۇرسۇنجان 1986 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ كەتكەنى- دى. ئۇ، هازىر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئاپ- تونوم رايونلۇق پوچتا ماركىسى توپلاش ئىلمىي جەمئىيى- تىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەرجىمان- لار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى.

## مۇھەممەت ھاشىم



مۇھەممەت ھاشىم 1927- يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى تەۋە نەزەرباغ يېزىسىنىڭ توققۇز تاش كەنتىدە تۇغۇلغان. 1950 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈملىرىدە مۇخبىر - مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇزۇن يىل خىزمەتتىن ئايرىلىپ قېلىپ 1992 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## ئابدۇرېھىم ئەخمىدى

ئابدۇرېھىم ئەخمىدى 1950- يىلى «قەشقەر گېزىتى» گە يۆتكىلىپ كېلىپ، تەرجىمە گۇرۇپپىسىدا مەملىكەت خەۋەرلىرى، خەلقئارا خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلىش؛ رادىيو ئىستانسىسى تارقاتقان خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، سېلىشتۇرۇش، تەھرىرلەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. 1959- يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» گە يۆتكىلىپ كەتكەن. شۇ ئورۇندا ۋاپات بولغان.

## سابىت سەيىت (ساۋىنچاۋ)



سابىت سەيىت 1925 – يىلى ئاقسۇ كەلپىن ناھىيە تۆۋەن قاشئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1954 – يىلى «ئاقسۇ گېزىتى» دىن يۆتكىلىپ كېلىپ، «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈملىرىدە تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەملىكەت خەۋەرلىرى، خەلقئارا خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، سىلىشتۇرۇش، تەھرىرلەش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغان. 1961 – يىلى ۋىلايەتلىك 1- خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلگەن. 1977 – يىلى 1 – ئايدا ۋاپات بولغان.

## مۇھەممەت مىرئەخمەت



مۇھەممەت مىرئەخمەت 1927– يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1935 – يىلدىن 1945 – يىلغىچە غۇلجا ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1948 – يىلدىن ئازادلىققا قەدەر قەشقەر «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا؛ ئازادلىقتىن كېيىن، «جەنۇبىي تيانشان گې-

زىتى» ۋە «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتلىرىدا نابورچىك، نابور سېخىنىڭ باشلىقى، كوررېكتور، زاۋۇت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1959-يىلى مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشما خىزمىتى ئاك-تىپلىرى ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، دۆلەت رەھبەرلى-رىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. 1960 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ مۇخ-بىر ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1965 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ، ئىلگىرى-ئاخىر يېڭىدىن قۇرۇلغان «ئۇلانمۇ چىردۇيى» نىڭ باشلىقى، «ئىن-قىلابىي كومىتېت» نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە ئىشخانا مۇ-دىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1990 - يىلى ئالەم-دىن ئۆتكەن.

## قاسىم ئىسمايىل



قاسىم ئىسمايىل 1942 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزا سېيدىكەنتىدە تۇغۇلغان. 1962-يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز، تولۇق سىنىپلىرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىككى يىل ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1964 - يىلى 11 - ئايدىن 1965 - يىلى 8 - ئاي-غىچە قەشقەر سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش تېز كۇرسىدا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈت-

تورۇپ، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، 1974- يىلغىچە مۇخبىر - مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن؛ 1974 - يىلى ئۇنىڭ خىزمىتى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىلىق پارتكومغا يۆتكىلىپ، تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1988- يىلى 10 - ئايدا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 46 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## ئابدۇراخمان بۇلاق



ئابدۇراخمان بۇلاق 1921- يىلى تۇغۇلغان. 1942- يىلغىچە قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1942- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1949 - يىل 6 - ئايغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە كوررېكتور، مۇخبىر، مۇھەررىر بولغان. 1949 - يىل 7 - ئايدىن تارتىپ «يەكەن شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە مەسئۇل ۋەزىپىدە بولغان ھەمدە 1950 - يىلى يەكەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مائارىپ بۆلۈمىدە ۋاقىتلىق خىزمەت ئىشلىگەن. 1950 - يىلى «يەكەن شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «يەكەن ئاممىۋى گېزىتى» دە تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1954 - يىل 1 - ئايدىن 1969 - يىل 9 - ئايغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر، مۇھەررىر، كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ئائىلىسىدە .

## ئىسلام نامان



ئىسلام نامان 1919 - يىلى قەشقەر شەھەر نەزەرباغ يېزىسىنىڭ ھەزرەت كەنتىدە تۇغۇلغان. 1947- يىلدىن 1949- يىلغىچە شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان دارىلفۇنۇندا (شىنجاڭ شۆيۈەنىدە) ئوقۇغان. 1949 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇپ، 1950 - يىلى «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» دە مۇخبىر - مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1956 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىگە ئالماشقان. 1980 - يىلى پېنسىيىگە چىققان.

## ئاۋۇت بارات



ئاۋۇت بارات 1948 - يىلى يوپۇرغا ناھىيە يوپۇرغا يېزىسىنىڭ مىچىتكۆل مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1967- يىلى 8 - ئايدا، قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقان. 1981 - يىلى 7 - ئايدىن 1984 - يىلى 9- ئايغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھ-

ردى بۆلۈمىدە مۇھەررىر ـ مۇخبىر بولغان. بۇ قىسقىغىنە
ۋاقىت ئىچىدە، كۈندىلىك خەۋەرلەرنى تەھرىرلىگەندىن
باشقا يەنە، نەزەرىيىۋى، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى، ھەر
خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەھرىرلەش، تەرجى-
مە ئەسەر ۋە ھەر خىل تەرجىمە ساۋاتلارنى سېلىشتۇرۇپ
تەييارلاش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.
150 پارچىدىن ئارتۇق تەپسىلىي خەۋەر،
تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى، نەزەرىيىۋى،
مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىپ، ھەر دەرىجى-
لىك گېزىت ـ ژۇرنال، ئىستانسىلاردا ئېلان قىلدۇرغان.
مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى»،
شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «شىنجاڭ ياچېيكا تۇر-
مۇشى» قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىم
مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ باھالانغان ۋە مۇكا-
پاتلانغان. 13 پارچە خەۋەر ۋە تەپسىلىي خەۋىرى شىن-
خۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى، «خەلق گېزىتى»، «يېرىم ئاي-
لىق سۆھبەت» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن
تارقىتىلغان. 1984 ـ يىلى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى ئالماش-
قان بولسىمۇ، ئاخبارات كەسپىنى يەنىلا قىزغىن سۆيۈپ
ئىشلەپ كەلدى. 400 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر، نەزەرى-
يىۋى، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىپ ۋە ھەر خىل ھۆسن-
خەت، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ مەتبۇئاتلاردا
ئېلان قىلدۇردى.

ئاۋۇت بارات يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرىگە ئاساسەن،
1994 ـ يىلى جۇڭگو خەلقئارا رادىئو نەشرىياتى تەرىپىدىن

نەشىر قىلىپ تارقىتىلغان «هازىرقى زامان خەتتات، گۈ-
زەل سەنئەت خادىملىرى لۇغىتى» چوڭ كىتابتا ئۆزىنىڭ
سۈرىتى ۋە بىر پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى بىلەن تونۇش-
تۇرۇلدى. ئۇ ھازىر، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى شىن-
جاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو فوتوگرافلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خۇش-
خەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئاخ-
بارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك
پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خەتتاتلار جەم-
ئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، فوتوگرافلار جەمئىيىتى-
نىڭ باش كاتىپى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت-
چىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

## مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم



مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم
1954 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇل-
غان، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ دۆ-
لەتباغ يېزىسىدىن. 1960 - يىل-
دىن 1968 - يىلغىچە مارالبېشى
ناھىيىسىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا
مەكتەپتە ئوقۇغان. 1973- يىلدىن
1977- يىلغىچە شىنجاڭ «1 - ئاۋ-
غۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدە
ئوقۇغان. 1977-يىلدىن 1978-يىلغىچە
جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدە ئوقۇتقۇچى-
لىق قىلغان. 1978-يىلدىن 1985-يىلغىچە «قەشقەر گېزىتى»

ئۇيغۇر تەھرىرى بۆلۈمىدە مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1985 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنىدا تەشۋىقات بۆلۈم خادىمى، ئىشخانىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ئۇ پەيزاۋات ناھىيىلىك پارتكومدا دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ 1974 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە «بىز ئوت يۈرەك ياشلار»، «سۇمۇرۇغقا مەدھىيە»، «قارلىغاچنىڭ قايتىپ كېلىشى» (باللادا)، «جانىۋارلار ناخشىسى» (سىيكىل)، «قەشقەرنىڭ سەھىرى»، «كوممۇنىستىنىڭ بۇرچى» (شېئىرىي پوئېما)، «قارلىق تاغدىكى زەپەر كۈيى» (باللادا)، «ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن قىز» قاتارلىق 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، «شېئىرىيەتىمىزدىكى ئالەم تۇيغۇسى توغرىسىدا» قاتارلىق 20 پارچىدىن كۆپرەك ئەدەبىي ئوبزورنى يېزىپ، «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. ھازىر ئۇ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا يوللاش ئۈچۈن «تارىمدىن سادا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۈستىدە جىددى ئىشلىمەكتە.

ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى،

# غالىپ زۇلال (تاجىك)



غالىپ زۇلال 1954 ـ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە تۇغۇلـ غان. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپـ لەرنى قەشقەر شەھىرىدە ئوقۇغان. 1974 ـ يىلى قەشقەر سفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، 1977 ـ يىلىغىچە تاشقورـ غان ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكـ تەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1977 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. مۇشۇ مەزـ گىلدە شىنجاڭ رادىئو سفەن داشۆسىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ دىپلوم ئالغان ھەمدە 1984 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئاخباراتچىلاردىن ئېلىنغان بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، لاياقەتلىك گۇـ ۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن ۋە بىر نەچچە قېتىملىق ئاخباراتـ چىلىق كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ، كەسپىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن؛ ھەر خىل ژانىردىكى خەـ ۋەر ـ ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. «ئالتۇن دەرۋازا ـ خونجىراپ»، «داستىخان ئۈستىدىكى پاراڭلار»، «قاداق قولدىن ئالتۇن تۆكۈلمەكتە»، «پەرۋاز قىل قىدـ ران بۇركۇت»، «ئالغا بېسىۋاتقان داڭباش» قاتارلىق خەـ ۋەر ـ ماقالىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىـ لىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

غالىپ زۇلال 1985 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائا-
رىپ باشقارمىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكى-
لىپ بارغان بولۇپ،ھازىر شۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇ
مۇھەررىرلىك كەسپىي ئۇنۋانى ئالغان.

## روزىگۈل سادىق



روزىگۈل سادىق 1947 ـ يىلى
قەشقەر شەھىرىگە تەۋە نەزەرباغ
يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇ-
غۇلغان. 1965 ـ يىلغىچە باشلان-
غۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇ-
غان. 1965 ـ يىلدىن 1969 ـ يىل-
غىچە قەشقەر سفەن شۆيۈەنىنىڭ
تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئو-
قۇغان. 1970 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن
1976 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە مەكتەپ
ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق مەلۇم ھەربىي قىسىمدا قايتا تەر-
بىيە ئالغان ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئىگەرچى بازارلىق
ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1976 ـ يىلى
10 ـ ئايدا «قەشقەر گېزىتى» گە يۆتكىلىپ كېلىپ، 1987ـ
يىلى 10 ـ ئايغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كوررېكتور
گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن. 1987 ـ يىلى 1 ـ دەرىجىلىك كور-
رېكتور ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان. شۇ يىلى خىزمەت ئېھتى-
ياجى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ ھا-
زىرغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ-
نىڭ ھازىرقى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى تەھرىر.

## ئالانۇر ھېلىم



1930 - يىلى 11 - ئايدا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاتۇش شەھەر ئازاق رايون مېيبى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1957 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر - مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكومغا يۆتكىلىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدە، ئىشلىگەن ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر سىفەن مەكتىپىدە مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 - يىلى 6 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

## مۇھەممەترېھىم ئەمەت



مۇھەممەترېھىم ئەمەت 1938 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1945 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1950 - يىلدىن 1956 - يىلى 9 - ئايغىچە قەشقەر سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان . 1956 - يىلى 10 - ئايدىن 1961 - يىلى 5 - ئايغىچە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1961 - يىلى 5 - ئايدا «قەشقەر

گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، 1965- يىلى 8- ئايغىچە مۇھەررىرلىك-مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللان- غان، قوشۇمچە ئۇيغۇر مۇھەررىرلىك بۆلۈمىنىڭ سىياسىي نەزە- رىيە ئۆگىنىش يېتەكچىسى، ئۇيغۇر نابور ئىشچىلىرىنىڭ تىل - يېزىق ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىش- لىگەن. 1965 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇي- غۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ، 1990 - يىلغا قەدەر ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ ئىشخانا مۇ- دىرى، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1990 - يىلى 1 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

## جاپپار ئەمەت



پېشقەدەم ژۇرنالىست ۋە مۇھەر- رىر جاپپار ئەمەت 1929 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1945 - يىلى ئۈرۈمچى- دىكى ئۆلكىلىك سىفەن مەك- تىپىنى پۈتتۈرگەن. ئازادلىق- تىن ئىلگىرى خوتەن چايخانا مەك- تەپ، سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 - يىلى 3 - ئايدىن 1954 - يىلى 7 - ئايغىچە «يېڭى خوتەن» گېزىتى- دە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يىلى خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ گېزىتخانىلىرى قىسقار-

تىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئورگان گېزىتى «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى»گە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ ، «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ، 1957 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، 1961 ـ يىلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن خوتەنگە يۆتكىلىپ مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىدە ۋە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن. 1981ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ، «تارىم» ژۇرنىلى شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «سايرا بۇلبۇل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، 1992 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «تۇپراق ۋە تەر » ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى.

## ئەركىن ئەبەيدۇللا



ئەركىن ئەبەيدۇللا 1966-يىلى پەيزىئاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا يېڭىباغ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1984-يىل 8-ئايغىچە يېزا تەۋەسىدىكى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە قەشقەر سىفەن مەكتىپىنىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىي سىنىپىدا ئوقۇغان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنىپ، 1991-يىلى 7-ئايغىچە مۇھەررىر مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ياخشى خەۋەر-ماقالىلەرنى يېزىپ چىققان. مۇھەررىرلىك كەسپىي بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، سۈپەتلىك خەۋەر-ماقالىلەرنىڭ گېزىتتە يۈزدە ئېلان قىلىنىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. 1985-يىلدىن 1988-يىلى 2-ئايغىچە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، تىل-ئەدەبىيات كەسپىي بويىچە ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتكەن.

ئەركىن ئەبەيدۇللا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قىسىم شېئىرلارنى ھەر دەرىجىلىك گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان. 1987 يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇ تۈزگەن (باشقىلار بىلەن بىللە) «100 ھېكايە» ناملىق جۇڭگو، چەت ئەللەرنىڭ ھەمدە بىر قىسىم ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ داڭلىق ھېكايىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلامىنى نەشر قىلغان؛ ئۇنىڭ 30 پارچىدىن كۆپرەك شېئىرى 1989-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرى-

ياتى نەشىر قىلغان «تاڭدىكى ئۇچقۇنلار» ناملىق كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئەركىن ئەبەيدۇللا 1991 - يىلى 7 - ئايدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكەلگەن.

1993 - يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان «5 - نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئۇنىڭ «سۆيۈلمىگەن لەۋ» ناملىق لىرىك شېئىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## تۇراپ ئۆمەر



تۇراپ ئۆمەر 1946 - يىل كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر يېزا كاندىرا كەنتىدە تۇغۇلغان. 1965-يىلغىچە باشلانغۇچ تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1965- يىلدىن 1968 - يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدە ئوقۇغان ۋە ئىككى يىل قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقچى ناھىيىسىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1973-يىلدىن 1975 - يىلغىچە «قىزىلسۇ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1975-يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، 1979-يىلغىچە گېزىت كوررېكتورلۇقىنى قىلغان. ئۇ، 1979 - يىلدىن بۇيان، قەشقەر ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى ئىدارە قىلىپ تەربىيىلەش ئورنىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

## پەيزۇللا ئوسمان



پەيزۇللا ئوسمان 1932 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1950- يىلى جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە- سى شىنجاڭ شۆبە بيۇرو كادىرلار مەك- تىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1951-يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1957- يىلدىن 1960 - يىلغىچە «قەشقەر گېزىتى»- دە مۇھەررىر - مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن قاغىلىق ناھىيىسىدە ۋە قەشقەر ئۇي- غۇر نەشرىياتىدا ئىشلەپ 1991 - يىلى پېنس- يىگە چىققان.

## مەتتىمىن ناسىر



مەتتىمىن ناسىر 1932 - يىلى 12 - ئايدا يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باغچى يېزا سىرىدلما كەنتى- دە تۇغۇلغان. 1939 - يىلى 9 - ئاي- دىن 1945 - يىل 9 - ئايغىچە ئۆز يۇرتىدىكى سىرىدلما باشلانغۇچ مەك- تەپتە؛ 1945 يىلى 9- ئايدىن 1950- يىلى 1- ئايغىچە قەشقەر سفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1950- يىلى 2- ئايدىن 5 - ئايغىچە شۇ چاغدىكى

ۋىلايەتلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېچىلغان «جەنۇبىي شىنجاڭ سىياسىي كادىرلارنى تەربىيىلەش» قىسقا مۇددەتلىك كۇرسىدا تەلىم ئالغان. شۇ يىلى 5 - ئايدىن 1953 - يىلى 6 - ئايغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدا نابورچىك، مۇھەررىرلىك - مۇخبىرلىق قىلغان. 1953 - يىلى 6 - ئايدا «يېڭى خوتەن» گېزىتىگە يۆتكىلىپ، 1954 - يىلى 7 - ئايغا قەدەر شۇ گېزىتخانىدا مۇخبىرلىق - مۇھەررىرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. كېيىن خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ كاتىبات باشقارمىسىدا خىزمەت قىلغان. 1954 - يىلى 9 - ئايدىن 1957 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ تىببىي تېخنىكومىنىڭ «فىلدشىر» لىق سىنىپىدا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپتە سابىق قەشقەر ۋىلايەتلىك تېرە - تاناسىل كېسەللىكلىرىنى داۋالاش دېسپانسېرىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، بارىن يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا 1989-يىلىغا قەدەر ئىشلىگەن. 1979- يىلى ۋراچ، 1983- يىلى مەسئۇل ۋراچ ئۇنۋانى ئالغان. 1989 - يىلى 9 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

## ئابدۇرېھىم سابىت



ئابدۇرېھىم سابىت 1951- يىلى 9- ئايدىن 1953- يىلى 6- ئايغىچە «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر بېتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1953- يىلى6- ئايدىن 1954- يىلى 1- ئايغىچە «يەكەن ئاممىۋى گېزىتى»دە؛ 1954- يىلى 1- ئايدىن1954- يىلى 8- ئايغىچە «خوتەن گېزىتى»-

تەرجىمە بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

## ئابدۇللا قاسىم



ئابدۇللا قاسىم يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ تېرىم يېزا كۆتەكلىك كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ، 1950 - يىلى 8 - ئايغا قەدەر تېرىم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن، كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە تۇنجى قارار ئېچىلغان يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، 1951 - يىلى 3 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان؛ شۇ يىلى 5 - ئايغىچە يەر ئىسلاھاتى سىناق خىزمىتىگە قاتنىشىپ، مۇخبىرلىق قىلغان. 1953 - يىلى 1 - ئايغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەرجىمە گۇرۇپپىسىدا مەملىكەت خەۋەرلىرى، خەلقئارا خەۋەرلەر بېتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلغان. ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ، 1953 - يىل 1 - ئايدىن 1986 - يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، ھازىر پېنسىيىدە.

## ئابباس نىياز



ئابباس نىياز 1941 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يىلقىچى يېزا سېرىقئاتا كەنتىدە تۇغۇلغان. 1961 - يىلىغا قەدەر باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1965 - يىلىدىن 1966 - يىلى 11 - ئايغىچە قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشقان. 1966 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنىپ، 1968 - يىلىغىچە كوررېكتور گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن. 1968 - يىلى 12 - ئايدىن ھازىرغا قەدەر «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا باسما ئىشچىسى، باسما سېخىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

## مەخمۇت ئەمەت



مەخمۇت ئەمەت 1950 - يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ خاڭدى يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1965 - يىلى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1966 - يىلى 1 - ئايدا سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە قاتنىشىپ، شۇ يىلى 10 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، كوررېكتورلۇق، مۇخبىرلىق قىلغان.

1968 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتقا ئالماشقان. 1982 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتى قۇرۇلغاندا يۆتكىلىپ چىقىپ زاۋۇت، قۇرۇشقا قاتناشقان. 1987 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ياردەمچى ئىختىساتچى، 1991ـ يىلى 6ـ ئايدا مەسئۇل ئىختىساتچى ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ هازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىنىڭ باشلىقى.

ئىلگىرى گېزىتىمىزدە ئىشلى-
گەن، ئەمما خىزمەت ئورنى، ئادرېسى
ئېنىق بولماسلىق، ئىشلىگەن ۋاقتى
ئۇزۇن بولماسلىق قاتارلىق سەۋەب-
لەر تۆپەيلىدىن تەرجىمىھالى يېزىلمى-
غان، سۈرىتى تەييارلانمىغان خادىم-
لارنىڭ ئىسىملىكى ۋە تەخمىنەن ئىش-
لىگەن ۋاقتى:

ئابدۇكېرىم سائادەتوۋ (1950—1952)

ئابدۇرېھىم روزى جۇشقۇن (1949—1951)

بارات مۇھەممەت (—1950.9)

روزى قادىر (1950—1956)

زۇنۇن ئوسمان (1950—1954)

نۇرۇنىسا ھاجى (1950— 1954)

ئابلىمىت ئىمىنھاجى (—1955)

روزى ئىمىن (1954—1957)

ئابلىمىت مەخسۇتوۋ (1952—1956)

يۈسۈپ مۆمىن (1952—1956)

مۆمىن ئابدۇللا (1952—1956)

ئابدۇراخمان ئابدۇرېھىم (1952—1956)
قاپپاس (1952—1953.6)
ئەخمەتجان قۇربان (1952—1956.6)
زۇلەيخا (1952—1956.6)
ھەسەلىم (1952—1956.6)
مەرەجى سابىر (          )
پەتتار ئىمىن (          )
تۇرسۇن يۇسۇپ (          )
ئېزىز ھەسەن (          )
ئاسىم ئابدۇللا (          )
ئۇلۇغنىسا (          )
ئامىنەم (          )
نورۇز ئەبزەل (1978.1—1980.1)

